شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئائىل ژۇرنال

# BULAK

2006
6



# بۇلاق

ISSN 1005 0876
12>
9 771005 087006

源泉（布拉克）

بیر راسا قلاوزننگ یاریب بقال بیلان رضا الاغین یوکلاسه تور
سا تینگکی رایغا بیب یو یو سندیب بر آواز کلدی تورتوب بینود
بولوب بیقیلیب قالیبم ویدی ملاولی خجندی لوسوزنی ایشیتیب
زار زار بیغلاب ایدیکیم خدای تعالی ایزکه سرفرازنده طاقیلیب دور
اکر و نتول بولیب صاحب خروج و صاحب سلوک ایدی
اوزو یکتی یاکلیق بیله توقیل تیز یاریب بقال بیلان
رضا لاشیب کلکیل دیدی بهبه خاوراکه ذاته اوزوم اکر ایکی قول
الیب بقالانینک لیدرا تیو باترازنمان تا شهدا انکا ذاته اوزوم
تکزنیب دو زت و رضا بولو تکدیب رضا لاشیب اویکه کلدی
علی هذا القیاس تا تاریخ هزار بینک قرق دو بیل دنکین اینغ
مشرب دنیا قیوزیلیا ظهور تبیلد ملاز کهوروملادکم بر شرم و نث تیز در
تنها هم بولا دو رهم خلق کهورهب خوش تر تت بولدیلا رامال بوعیالی
بکجه کوندوز بر دم آرام الملقی بیغلار ایردی بو حال غه اتا انالاری

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ


قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

27 ـ يىل نەشرى

ئومۇمىي 111 ـ سان

## بەت بوسۇغىسى




ئۆز تىلىمىزنىڭ ئەۋزەللىكى بىز ئۈچۈن ئۇلۇغ ھەقىقەت ۋە بەختتۇر .

ـــ ئەلىشىر نەۋائى

ھۆسن خەتنى ھەبىبۇللا ھامۇت يازغان

2006- يىللىق 6- سان

# بۇلاق



باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن
(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

## بۇ ساندا

**ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن**

قىسسەئى مەشرەب ........................................ خاجە ئەھمەد (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھمەد بوگو

**ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن**

تۆرپان ۋەسقىلىرى ........................................ (28)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: نەجىبە ئەمىن
زۇبدەتۇل ئەخبار ........................ ئەبۇمۇھەممەد ھەسەن شىئرى (32)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: رەجەپ يۇسۇپ

**ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر**

خەمسە تەلقىنلىرى ........................................ توختاسىن جالالوۋ (41)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابلىمىت ياقۇبى

مەسئۇل مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن

مەڭگۈ تاشلاردا ئىشلىتىلگەن تەۋسىيلەر ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئامىللىرى
توغرىسىدا ........................ مۇھەممەتئىمىن ئاتاۋۇللا (54)

## بىزدىكى ئەخلاق ـ پەزىلەت

قىزىمغا ...................................... پەرىدە ئەمىن (68)

## مەدەنىيەت ۋە فولكلور تەتقىقاتى

خوتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى ئەھۋالى ...................... تۇرنىسا روزى (78)
مەڭگۈ ئۆچمەس ئابىدە ـــ توگمەن ..................... مەتقاسىم ئابدۇراخمان (86)
ئۇيغۇرلارنىڭ چاي ئىستېمالىغا نەزەر .................. گۈلزەپەر مۇھەممەت (92)
دولان مۇقام تېكىستلىرىدىكى بەزى ناتوغرا ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا ..........................
........................ يۈسۈپجان مۇھەممەت توغمان (97)

## ئوقۇرمەنلەر ساداسى

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى شانلىق نەتىجە ..................... ئوسمان ئىسمائىل (106)

※ ※

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: بارخان

※ ※

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: دىلدا يار (بىلال نازىمى ئەسەرلىرىگە سىزىلغان قىستۇرما رەسىم)
مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى بەتلىرىدە: قىسسەئى مەشرەپنىڭ قولىيازما نۇسخىسى
مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە: ئاشىق يىگىت (بىلال نازىمى ئەسەرلىرىگە سىزىلغان قىستۇرما رەسىم)

تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827726 (0991)

# قىسسەئى مەشرەب

خاجە ئەھمەد

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەد بۆگۈ



مەزكۇر ئەسەر قىسسە شەكلىدە ھەم نەزمە ھەم نەسرىي ئارىلاش يېزىلغان بولۇپ، نەسرىي قىسمى ئۆتكۈر يۇمۇر تۇسىنى ئالغان تولىمۇ قىزىقارلىق ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە چوڭقۇر مەزمۇنلاردىن تەشكىل تاپقان بولسا، شېئىرىي قىسمى مەردانىلىك، ئىسيان، ساداقەت ۋە ئىنسانىي غۇرۇر تۇيغۇلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان. ھەربىر مىسرا كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ.

ئۇمۇمەن، ئەسەردە باشتىن ـ ئاخىر يالغانچى، خۇشامەتچى، تەمەخور، نادان، نەپسانىيەتچى كىشىلەر كۈچلۈك يۇمۇرىستىك تىل ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق قامچىلىنىدۇ. مۇتەئەسسىپ ئىدىيە، چېكىدىن ئاشقان خۇراپاتلىق ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن تەنقىد قىلىنىدۇ. ئادالەت، ھەققانىيەت، پاكلىق ۋە ھالاللىق چەكسىز مۇھەببەت بىلەن كۈيلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى قىزىقارلىق، تىلى ئاممىباب.

بۇ ئەسەر نىيازخوجا مىڭ بېگى دېگەن كىشىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن خوتەندە ھىجرىيە 1230 ـ يىلى (مىلادىيە 1814 ـ 1815) خاجە ئەھمەد تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنىپ، كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن قول يازما نۇسخىدىن رەتلىنىپ نەشرگە تەييارلاندى.

(بىسمىللاھىر ـ رەھمانىر ـ رەھىم)

دەيىن سۇببۇھۇم ھەقغە ھەمدۇ سەنا،
ئېرۇر سۇنئىدىن بارچە ئەرزۇ سەما.

جەھاننى مۇنەۋۋەر قىلىپ ئافتاب،
شەبىستاننى شەمئ ئەيلەدى ماھتاب.

بۇلارغە بېرىپ جايى زور ئەلەست،
قىلىپ كۆكلەرنى بالا، زىمىنلەرنى فەست.

بولۇپ جارىي ئۇل چەشمەئى بەھرلەر،
تېگىز، كان ئىلە ھەر سىيم ـ زەر.

قىلىپدۇر بۇلارغە ئەجەب تەربىيەت،
بۆلەك رەگى ھەيئەت، بۆلەك زىينەت.

سالىپ مۇشت تۇفراقغە لۇتق نەزەر،
سەھاب ئىچرە كەلتۇردى سۇيى مەتەر.

ئۆزى رۇھىدىن جان ئەتا ئەيلەدى،
ئەدۇۋ جانىغە كۆپ خەتا ئەيلەدى.

خۇسۇسەن مۇھەممەد تۇفەيلىغە نۇر،
ئانىڭ شەئنىگە قىلدى ئۇل زۇھۇر.

①.......

دەيىن ھەمدىدىن سۇڭرە نەئتى نەبىي،
رەسۇل ھەبىبدۇر قۇرەيشىي مەككىي.

سەزاۋەر ئۇلۇپ ئېردى مىئراجى ھەق،
ئىلىكدىن ئىشارەت قەمەر بولدى شەق.

بۇراقغە سەۋارە بولۇپ ماھدەك،
يەتتىنچى سەمادىن ئۆتۈپ باددەك.

كېلىپ تۇردى رەفرەف زېھنى بۇسرەتىپ،
كى ئەرش بىلە كۇرسىنى تىترەتىپ.

بارىپ تۇردىلار قابى قەۋسەينغە،
كى ھەمراز ئۇلۇپ پاك يەزدانغە.

تىلەپ ئۇممەتىنىڭ گۇناھىنى ھەبىب،
ئىلاھا، ئۆزۈڭ ھازىق ھەم تەبىب.

پەيەمبەركى خاتەم ھەبىبى خۇدا،
گۇنەھ ئىللەتىغە شەفائەت شەفا.

---

① مۇشۇ يەردىن باشلاپ ئىككى بەت ئەتراپىدا يوقالغان.

ئانىڭ رۇھ پاكنى قىلىپ ھەممەدىن،
مۇقەددەم يەنە ھەمە مەخلۇقدىن.

خۇداۋەندە ئالەم ئاڭا ئىشقباز،
كى مەئشۇق ھەمەدىن بولۇپ سەر ئەفراز.

تىفلى جەھان ئول شەھەنشاھىدۇر،
ھەمە كەسىب ئول دىل ئاگاھىدۇر.

ئەگەر لايى ئىسيان پاتسە كىشى،
چىقارماق ئانىڭدا دىمى ئاسايىشى.

ئەگەر قىلماسە لۇتف ـ رەھمەت ماڭا،
يېتەر ھەردەمى كۆپ ئۇقۇبەت ماڭا.

تۇتار شەفقەتىڭدىن بۇ ئاسىي ئۇمىد،
تىھى دوستدۇر يوق خەلايىق خەرىد.

ئىلاھا، ماڭا ئەيلەسەڭ مەرھەمەت،
نەئت نەبىيدىن سۆز دېسەم مەنقەبەت.

مۇقەددەم نەبىيى دوست سىددىق غار،
ئىككىنچى ئۇمەر ئەدلىدۇر ئېئتىبار.

ئۈچىنچىيۇ ئوسمان نۇرىن ئېرۇر،
چەھارۇم ئەلى شىرى يەزدان ئېرۇر.

ئەبۇبەكرى، سىددىق فەزىلەتلەرى،
نەبىي ۋەھيدىن سىددىقدۇر ئىلگەرى.

دېدى ئانچە بىمار ئولۇپ شىددەتى:
بەقاغە ئەگەر ئەيلەسەم رىھلەتى.

مەنى ئېلتىبان رەۋزەغە مۇستەفا،
كى فەرياد ئېتىڭ كەلدى سىددىق سەفا.

ئىجازەت بەرسەلەر ئەگەر دەفن ئېتىڭ،
ۋەگەر بولماسە نەيلەي نەفىي ئېتىڭ.

ئاچىلدى ئاڭا رەۋزەدىن بىر ئىشىك،
كېلىپ دوستغە دوست دەپ بىر ئاۋاز بىيىك.

رەسۇل يانلارىدا بۇلار دەفن ئېتۈپ،
يانىپ كەلدىلەر ئەسھابلار يەر ئۆپۈپ.

قىلۇر ئېردىلار نەقل پەيغەمبەرى،
ئۆمەر بولدى ئىسلامنىڭ داخلى.

ئانىڭ فەزلىدىن ئول كۈنى كىردىگار،
قۇرۇپ مىڭ توقۇز ئەنبەرى زەرنىگار.

ئانىڭ ھەربىرىدە بىر ئالىي شەھى،
كى ئىسلام قىلچىنى چاقار بىر ئاگاھى.

ئېرۇرلار ئۆمەر مەشئەلى ئىسلام،
نەبىي بۇ سىفەت قىلدى شىرىن كەلام.

ھەيا بابىدا بىبەدەل ئۇسمان،
ئىككىنچى نۇرغە بولدىلار پاسبان.

مەلائىك بۇلاردىن قىلۇرلار ھەيا،
قىلۇر ئېردىلار گىريە شامۇ سەبا.

بۇلار قىلدىلار جەمئ قۇرئان تەمام،
ئازاد قىلدى ھەر سۇرەدە بىر غۇلام.

نەمازى ئىكى رەكئەت بولسەلەر،
قىرائەتدە قۇرئان تەمام قىلدىلەر.

بۇ ئىكى جەھان سەرۋەرى مۇستەفا،
ئاڭا ئېردى داماد شەھى مۇرتەزا.

قىيامەت كۈنى نۇردىن بىر قەدەھ،
ئالىپ ئىلكىگە تۇرغۇسىدۇر سەرەھ.

بۇلار ھەۋزكەۋسەر سۇيىدىن بېرۇر،
ھەمە تەشنەلەبلەر ئالىپ سىبقارۇر.

ئەگەر كىرسە جەننەتكە جەۋلان قىلىپ،
ھەمە ھەۋز كەۋسەرنى تەيران قىلىپ.

بىھىشت ئىچرە بىر نۇر پەيدا دۇرۇر،
خەلايىق دېگەي:«ۋەقتى دىيداردۇر».

ئىلاھا، بۇ تۇرتى شەھى سەرۋى رەۋان،
ماڭا ئەيلەگىل مۇشفىق ھەم مىھرىبان.

خۇدا ھەمدىگە، نەبىي نەئتىگە چەھاريارلار،
..........①

يوق ئېردى دېمەككە تەڭداشىم،
پارسىي، تۈرك ئەلفاز ئىدى بىلىشىم.

بۇلار نەشئەسى ھالىمە سالدى ھۇش،
ئەتا ئەيلەگىل بىر قەدەھ مەيفۇرۇش.

* * *

شەرىئەتنىڭ بۇلۇتى، تەرىقەتنىڭ يولباشچىسى، سادىق ۋە زاھىد ئاشىق، مەملىكەت سۆيەر، پۇخراپەرۋەر دانالىرىمىزغا روشەن ۋە مەلۇم بولسۇنكى، ھەزرەتى ئىشان مەشرەب-نىڭ كىتابلىرىنى جەمئ قىلماقنىڭ سەۋەبى بۇ ئىدىكى: شىجائەت مەيدانىنىڭ مەرد ـ مەردانىسى، ساخاۋەت بابىنىڭ ھاتەم زامانىسى، پۇخرا ئەھلىنىڭ ھىمايىچىسى ۋە مەملىكەت دىيارىنىڭ گۈلتاجى، يەنى نىياز خوجا مىڭ بېگى (ئاللاتائالا ئۇنىڭغا سالامەتلىك ئاتا قىلغاي!):

ھەر كىشى مەشرەبىنىڭ بېيىتلىرىنى بىلگىنىچە ئوقۇپ يۈرۈپتۇ. قايسى شەھەردە ۋە قايسى دىياردا يەنە قانداق بېيىتلىرى ئوقۇلۇۋاتىدۇ، بىزگە مەلۇم ئەمەس. بەلكى بىرلا قېتىم ئوقۇپ ئۆتمەك بىلەن بۇ بېيىتلارنىڭ كۆڭۈل سەھىپىسىدىن قارار تاپمىقى ھەم مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ھەزرەتى ئىشان مەشرەبىنىڭ غەزەللىرىنى پۈتۈپ بىر مۇجەللەت (توم، جىلد) كىتاب قىلساڭ، دەپ ئەمر قىلدى. بۇ سەرمايىسىز پېقىر ۋە ئېتىبارسىز ھەقىر، ئىقتىدار جەھەتىدىن تۈركىي مەكتەپدار ۋە گۇناھى كەبىرگە مائەمدار خاجە ئەھمەدكىم، تېخى كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈلمىگەن بىرقانچە نۇسخىنى يىغىپ، بىرمۇنچە غەزەلنى ئاختۇرۇپ ئىلغاپ چىقىپ، ۋاراق سەھىپىسىنى قەلەم ئۇچى بىلەن ئۆز يۈزىدەك قارا قىلماققا قەدەم قويدى.

---

① بۇ بىر مىسرا چۈشۈپ قالغان.

ئەدالەت بەيانىدا يەكتا گەۋھەر،
شۇجائەت تەرىقىدە ھەم شىرى نەر.

بۇلارغە ئاتا خاجە شەمسىددىن،
ئىبادەت يولىدادۇر پاك دىن.

ئۇلۇغلارغە تاپماس كىچىكلىك نەسەب،
كىچىكلەر ئارا ئىزدەمەس ھىچ ھەسەب.

غەرىب، بىۋەلەرگە بەسى مېھرىبان،
يۇرۇر ئىشكىدە كۆپ زەئىف ناتەۋان.

بۇيۇرسە دەبان ئىش ماڭا مۇنتەزىر،
تۇرۇپدۇر ئۈمىددە بىلىپ مۇفتەخىر.

كى ئەمر ئەيلەدى ئۇشبۇ مەكتۇبغە،
يېتىپ بۇ فەقىر ئانچە مەتلۇبغە.

ئاتام ھەم ماڭا يار ـ باۋەر بولۇپ،
نەچە بەھرى غەمدە ئاشناۋەر بولۇپ.

نەچە كۆرمەگەن يەردە يول كۆرسەتىپ،
سۇخەن نەبزدىن دۇدلار ئۆرلەتىپ.

نەچە كۈن بۇ رەڭ ماجەرا قىلغالى،
ۋەرەق سەفھەسىنى قارا قىلغالى.

قەدەم قويدى بۇ كۈن ئىجازەت بىلە،
تۇمەن ئەجز، يۈز مىڭ خىجالەت بىلە.

خۇداۋەندە ئالەم ئىنايەت قىلىپ،
يارۇتسە كۆڭۈلنى كەرامەت قىلىپ.

ھەبىبى خۇدا ئەھمەد مۇستەفا،
ئىشارەت قىلسە ئەگەر ئەندەك كىفا.

رەقەم ئەيلەيىن تەندە جان بارىچە،
ۋە لېكىن كى مەنقۇلدا بارىچە.

ئەمما، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى: ھەزرىتى ئىشان مەشرەبنىڭ ئاتىسى خوجەند دىيارىدىن ئىدى. ئاتىسىنىڭ ئېتى موللا ۋەلى خوجەندى، ئانىسىنىڭ ئېتى بىبى خاۋەر ئىدى. بىبى خاۋەر ئىشان مەشرەبكە يەتتە ئايلىق ھامىلە ئىدى.

بىر كۈنى بىبى خاۋەر نەمەنگان بازىرىغا ئىككى قومۇش يىپ ئېلىپ بېرىپ سېتىپ، يېنىشىدا باققالدىن ئىككى پۇلغا ئۆزۈم ئالدى. قايتىپ دەل شېكەرپۇرۇشنىڭ دۇكىنىغا كەلگەندە قورسىقىدىن بىر ئاۋاز پەيدا بولۇپ يىقىلىپ قالدى. بۇ خەۋەر موللا ۋەلى خوجەندىغە يەتتى. موللاۋەلى خوجەندى كېلىپ بىبى خاۋەرنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ئۆيىگە ئېلىپ باردى. ئېيتتىكى:

— ئەي بىبى خاۋەر، مېھرىبانىم، ۋاي غەمگۇزارىم، نېمە بولدۇڭ؟! ماڭا جاۋاب بەرگىن.

بىبى خاۋەر كۆزىنى ئېچىپ ئۆيىگە كەلگەنلىكىنى بىلدى ۋە دېدىكى:

— باققالدىن ئۆزۈم ئېلىۋېتىپ، چۈشۈپ كەتكەن ئىككى دانە ئۆزۈمنى ئاغزىمغا سالغانىدىم. دەل شېكەرپۇرۇشنىڭ دۇكىنىغا كەلگەندە قورسىقىمدىن:«ئەي ئانا، خۇدادىن قورقمىدىڭمۇ؟ مېنى ھارام بىلەن بىر يەردە ساقلىدىڭ. بېرىپ باققال بىلەن رىزالاش، بولمىسا قورسىقىڭدىن غايىب بولىمەن» دېگەن بىر ئاۋاز كەلدى. قورقۇپ بىخۇد بولۇپ يىقىلىپ قالدىم.

موللا ۋەلى خوجەندى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، زار - زار يىغلاپ:

— خۇدايىتائالا بىزگە بىر پەرزەنت ئاتا قىپتۇ. ئەگەر ئوغۇل بولسا، ئىسيانكار ياكى دەرۋىش بولغۇدەك. ئەمدى ئۆزۈڭنى پاكلىق بىلەن تۇتقىن. تېز بېرىپ باققال بىلەن رىزالىشىپ كەلگىن، — دېدى.

بىبى خاۋەر ئىككى دانە ئۆزۈم ئۈچۈن ئىككى پۇل ئېلىپ بېرىپ باققالنىڭ ئالدىدا قويدى ۋە:

— تارازىنىڭ سىرتىدا ئىككى دانە ئۆزۈمىڭىزنى يېگەنىدىم، رازى بولۇڭ، — دەپ رىزالىشىپ ئۆيىگە كەلدى.

ئالاھەزەلقىياس، تارىخقا بىرمىڭ قىرىق ئۈچ يىل (مىلادىيە 1633 — 1634 - يىللىرى)دىن كېيىن ئىشان مەشرەب دۇنيا يۈزىگە كۆز ئاچتى [1]. ئۇنىڭدىن شەرم نەشانىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھەممە خەلق كۆرۈپ خۇشال بولۇشتى. ئەمما، بۇ بوۋاق كېچە - كۈندۈز توختىماي يىغلايتتى. بۇ ھالغا ئاتا - ئانىسى نائىلاج ئىدى. بوۋاقنى يەتتىنچى كۈنى بۆشۈككە سالدى. ئېتىنى رەھىم بابا قويدى. يەتتە ياشقا كىرگەندە خەتنە قىلدۇرۇپ مەكتەپكە بەردى. مولىلىسى:

— ئەي ئوغلۇم، بىسمىللاھىر - رەھمانىر - رەھىم، «ئەلىف» دەڭ، — دېدى.

ئىشان مەشرەب «ئەلىف». دېدى.

«بە» گە كەلگەندە:

---

① بەزى مەنبەلەردە 1653 - يىلى دۇنياغا كەلگەن دېيىلىدۇ.

— ئەي ئۇستازىم، «بە»نىڭ مەنىسى نېمە؟ — دېدى.
موللىسىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:
— مەندىن سوئال سورايدىغانغا سەن كىم؟ — دېدى.
ئىشان مەشرەپ:
— «ئەلىف»نىڭ مەنىسى بىردۇر. خۇدايىتائالا بىردۇر. بۇنىڭدىن ئۆتسەم ماڭا خاتادۇر، — دەپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

«ئەلىف»نى دىلغە جا قىلماقنى بىسمىللاھدىن ئۆرگەندىم،
شەھىد قاننى تۆكمەكنى كەلامۇللاھدىن ئۆرگەندىم.

ئەۋۋەل ئادەم ئېردىم ھەمسۇھبەتى ھەۋۋا بولۇپ كەلدىم،
مەگەر جەننەتكە كىرمەكنى بۇ كۆن ئەربادىن ئۆرگەندىم.

ياشىم يەتتىگە يەتتى، ھالەتىم ھەددىن فۇزۇندۇر يار،
خۇداغە يىغلاماقنى دوستلار، ھەزرەتى يەھيادىن ئۆرگەندىم.

شەبى مىئراجدا ئەمما رەسۇلى ئالەمىن ئايدى:
مەنى فەرزەند دېگەندە مەن بۇ سۆزنى شاھدىن ئۆرگەندىم.

ھەمىشە مەستىمەن ئول جۇرئەئى جامى مۇھەببەتدىن،
خۇدادىن راز ئىستەمەكنى ئۇشۇل مۇسادىن ئۆرگەندىم.

دېمە ئالىم بۇ سۆزنى مەشرەبا، سەن كىمدىن ئۆرگەندىڭ،
پىرىم رەھىم ئەيلەدى ئەكنۇنكى مەن ئاللاھدىن ئۆرگەندىم.

دەپ بۇ غەزەلنى ئوقۇپ باياۋانغا يۈزلەندى. يەتتە كېچە ـ كۈندۈز يىغلاپ يۈرۈپ، ئىشق ـ مۇھەببەتكە گىرىپتار بولۇپ، يالاڭباش، يالاڭ ئاياغ ئۆز يولىغا راۋان بولدى. ئۆزىگە قويغان تەخەللۇسى مەشرەپ ئىدى. ئاتا ـ ئانىسى ئىزدەپ چىقىپ تاپتى ۋە ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. ئاتا ـ ئانىسى ئارزۇلاپ ئوغلىغا يېڭى ئېگىن قىلىپ كىيدۈرۈپ قوياتتى. ئەمما، مەشرەپ نە يەردە غېرىب ـ يالىڭاچلارنى كۆرسە، ئۇلارغا كىيىمىنى سېلىپ بېرەتتى. ئانىسى:
— ئەي بالام، مەن سىزگە ئارزۇلاپ يېڭى ئېگىن قىلىپ بەرسەم، نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىز كىيمەي، باشقىلارغا بېرىۋېتىسىز؟ — دېدى. مەشرەپ:
— ئەي مېھرىبان ئانا، مەن سىزدىن ئېگىن بىلەن تۇغۇلغانمىدىم؟ — دەپ سورىدى. ئانىسى دېدىكى:
— ئەي ئوغلۇم، مەندىن يالىڭاچ تۇغۇلغانىدىڭىز.
— ئەي ئانا، — دېدى مەشرەپ، — بىلىپ قويۇڭكى، مەن دۇنيادىن ھەم يالىڭاچ

كەتكەيمەن.

ئانىسى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ سوغۇق ئاھ تارتىپ:

— ئەي ئوغلۇم، بۇ سىرنى ھېچ كىشىگە ئېيتماڭ، — دېدى.

ئەلقىسسە، مەشرەب بۇ رەۋىش بىلەن ئون بەش ياشقا كىردى. موللا ۋەلى خوجەندى:

— ئەي مەزلۇم، سەن «ئوغلۇم بەرھەق ئەۋلىيا بولىدۇ» دېمىگەنمىدىڭ! ئەمما ئۇ شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈيدۇ. مەن بولسام نەمەنگاندا تاپا - تەنە ئىچىدە باش كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيۋاتىمەن. يۈر، موللا بازار ئاخۇنىنىڭ خىزمىتىگە بارايلى. ئۇ ئۇلۇغ ساھىب نەپەس كىشىدۇر. ئوغلىمىزغا پەند - نەسىھەت قىلىپ قويسا، شايەدكى، نەپەسلىرى تەسىر قىلىپ، شەرىئەت يولىنى تۇتۇپ، ئېگىز كىيسە ئەجەب ئەمەس، — دېدى.

ئەر - خوتۇن موللا بازار ئاخۇنىنىڭ ئۆيىگە كەلدى ۋە:

— داد ئاخۇنۇم، — دەپ جار سالدى. ئاخۇنۇم:

— كىم؟ — دەپ سورىدى. بىر مۇرىتى كىرىپ:

— موللا ۋەلى خوجەندى ئەرزىم بار دەيدۇ، — دېدى. ئاخۇنۇم:

— كىرسۇن، — دەپ ئىجازەت قىلدى.

موللا ۋەلى خوجەندى كىرىپ ئەرز قىلدىكى:

— ئەي ئاخۇنۇم، ئوغلۇم مەشرەب ئون بەش ياشقا كىردى. ئەمما، شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلىپ يالىڭاچ يۈرۈيدۇ. مەن بولسام بۇ ئىشتىن تولىمۇ خىجىلدۇرمەن. ھەزرەتلىرى پەند - نەسىھەت قىلىپ قويسا، شايەدكى، نەپەسلىرى تەسىر قىلىپ ئوڭلىنارمىكىن دەپ كەلدۇق، — دېدى. ئاخۇن:

— شۇ تاپتا مەشرەب قەيەردە؟ — دەپ سورىدى. موللاۋەلى:

— بابازەڭگى ئاتىنىڭ گۆرىستانلىقىدا، — دېدى.

موللا بازار ئاخۇن بىرنەچچە مۇرىتىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ قارىسا، ئىشان مەشرەب گۆرىستانلىقتا ئادەمنىڭ ئۇستىخانلىرىنى تېرىپ ئالدىدا قويۇپ يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك. مەشرەب يىراقتىن ئاخۇننى كۆرۈپ دەرھال ئالدىغا بېرىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

شەھدۇ شەكەردىن ئارتۇغۇم ئارامى جانىم كەلدىلەر،
كۆڭۈل ئۆيىنى كۆرگەلى روھى رەۋانىم كەلدىلەر.

كېتىپ ئىدى ئەقلۇھۇشۇم، بىلىپ تۇزەرلەر خاھىشىم،
يوقتۇر ئۇلاردەك ھېچ كىشىم، شىرىن زەبانىم كەلدىلەر.

ساقى ماڭا سۇنغىل قەدەھ مەخمۇر ئىدىم مەن ئىشقىدە،
شەھرى ۋۇجۇدۇم سەيرىغە شاھى جەھانىم كەلدىلەر.

ياد ئەيلەر ئېردىم گاھ - گاھ كەلگەيمۇ دەپ ئول پادشاھ،
بولدى يۈزۈم مانەندگاھ، ئول دىلىستانىم كەلدىلەر.

دايىم ئاڭا ھەيران ئىدىم، ئىشقىدە سەرگەردان ئىدىم،
مەن مەشرەب گىرىيان ئىدىمكىم، يار جانىم كەلدىلەر.

ئەلقىسسە، موللا بازار ئاخۇن يېتىپ كېلىپ، شاھ مەشرەبنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى. شاھ مەشرەب ئورنىدىن تۇرۇپ ئىززەت ۋە ئىكرام بىلەن يەرگە يېقىپ تۇردى.
موللا بازار ئاخۇن مەشرەبنىڭ ھال - ئەھۋاللىرىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز لال بولۇپ، مەشرەبكە نەسىھەت قىلدى:
— ئەي ئوغلۇم، ئاتا - ئاناڭنىڭ ئەمرىدە بولغىن. ئېگىن كىيىپ شەرىئەت يولىنى تۇتۇپ، خۇدا ۋە رەسۇلنىڭ ئىتائىتىدە بولغىن! ئەمما، مەشرەب بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى:

ئىشقىدە كۆيمەس ھېچكىم ئەفسانە بولماغۇنچە،
شەمئىدە ياناماس ھېچكىم پەرۋانە بولماغۇنچە،
سۆيمەس سەدەفنى ھېچكىم دۇردانە بولماغۇنچە،
ئەدھەم سىفەت دۇنيادىن بىگانە بولماغۇنچە،
باشقە ئالىپ مەلامەت ئەفسانە بولماغۇنچە.

سەنسىز ماڭا نىگارا، ئىكى ئالەم كېرەكمەس،
تەختۇ بەختى سۇلەيمان، ماڭا خاتەم كېرەكمەس،
خىزر ئۆمرىن بەرسەلەر ماڭا ئول ھەم كېرەكمەس،
سەنسىز ئۆلەي، دۇئا قىل ماڭا بۇ دەم كېرەكمەس،
جانۇ تەنىم قالمادى بىگانە بولماغۇنچە.

ئەرش كۆيەر ئاھىمدىن تاڭلا بولسە قىيامەت،
ئىنسۇ مەلەك يىغلاشۇر ئايتۇر: نېچۇك ئەلامەت،
ھۇرۇ غىلمان بىھىشتى ئايتۇشۇرلار نەدامەت،
چىقسە ئوتۇم زەررەئى ھېچكىم قالماس سەلامەت،
قالماس مالىك دەۋزەخىڭ سوزانە بولماغۇنچە.

قانلار تۆكۈپ كۆزۈمدىن ئانى مەنىم ياد ئېتەي،
قازى بولۇپ ئوغاغانىم سىينەم يارىپ داد ئېتەي،
زار كۆڭلۇم شاد ئېتىپ ۋەسلىنى ئانى ياد ئېتەي،
مەھشەر كۈنى داد ئېتىپ خەستە كۆڭۈل شاد ئېتەي،
دىلبەر سۆيمەس كۆڭۈلنى ۋەيرانە بولماغۇنچە.

ئىشقى دىلغە ئوت ئۇردى فەنا يولىن چاغلادىم،
قىسمەت شۇنداغ ئېركەنكىم بېلىم مەھكەم باغلادىم،
ئاشىقلىقدە مەن بۇ كۈن يۈرەك - باغرىم داغلادىم،

دەردىم بىھەد زور ئولدى دەرگاھىڭغە يىغلادىم،
رەھىم ئەيلەمەس نىگارىم گىريانە بولماغۇنچە.

ئاشىق بولسالىڭ شۇنداغ بول جاننى قۇربان ئەيلەگىل،
ھەجرۇ فۇرقەت مىھنەتنى كۆندە مېھمان ئەيلەگىل،
يەتسە جەۋرۇ جەفالار ئەلدىن پىنھان ئەيلەگىل،
زۇلفى چىنى كۇفرىنى جانغە ئىمان ئەيلەگىل،
جانىڭغە جان ئۇلانماس جانانە بولماغۇنچە.

نامۇس كەتمەس ھېچكىمدىن ئىشققە قەدەم قويماسە،
ئەدھەم سىفەت دۇنيانى تا پۇشتى پا ئۇرماسە،
ۋاسىل بولماس ۋەسلىغە يالغۇز ئۆزىن سۆيمەسە،
رازى بولماس قەزاغە ئىشق ئوتىغە كۆيمەسە،
تاپماس دىلبەر سوراغىن بەريانە بولماغۇنچە.

ۋەقتى بەھار مەي ئىچكىل، بىلگىل ئىشرەت غەنىيمەت،
ساقى سۇنغىل قەدەھنى فۇرسەت، سۇھبەت غەنىيمەت،
زاھىد ئايتۇر: دوستلارىم، تەشبىھ تائەت غەنىيمەت،
مەشرەب قەلەندەرىگە ھەر كۈن ئافەت غەنىيمەت،
كۆرمەس مەئشۇق يۈزىنى ئەفغانە بولماغۇنچە.

ئەلقىسسە، موللا بازار ئاخۇن مەشرەپتىن بۇ ئاشىقانە سۆزلەرنى ئىشتىپ ئاپىرىنلار ئوقۇپ، مەشرەپنىڭ ھەققىگە دۇئايى خەير قىلدى. ئاندىن كېيىن:

— ئەي ئوغلۇم، ئاتا ۋە ئانانىڭ خىزمەتلىرىدە بولغىن. ساڭا ۋە ماڭا ئاتا ۋە ئانىنىڭ خىزمەتلىرى پەرز ۋە ۋاجىپتۇر. ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى غەنىيمەت بىلگەيسەن، — دەپ بىرنەچچە پەند - نەسىھەت قىلدى.

ئىشان مەشرەپ دېدىكى:

— ئەي ئاخۇنۇم، ئاشىقنىڭ ئاتا - ئانىسى بولماس. سىزدىن بىر سوئال سوراي. ئەگەر، سوئالىمغا جاۋاب بېرەلىسىڭىز ئاتا - ئانامنىڭ خىزمىتىدە بولاي.

— ئەي ئاخۇنۇم، ھەقسۇبھانە ۋە تائالا ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئۆز قۇدرەت كامىلەسى بىلەن پەيدا قىلىپ يەر يۈزىگە چۈشۈردى. شۇ چاغدا ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام نالە قىلىپ دېدىكى: «ئەي تەڭرىم، سەن دانا ۋە يۈتكۈل ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسىدۇرسەن. مېنىڭ پۇشتى كەمىرىمدىن پەرزەنتلەر پەيدا قىلىپ ئون سەككىز مىڭ ئالەمگە تولدۇرغايسەن ھەم ئۇلارنىڭ ئەرۋاھلىرىنى ماڭا كۆرسەتكەيسەن !»

خۇدايىتائالادىن نىدا كەلدى: «ئەي ئادەم ئوڭ يېنىڭغا قارىغىن !» ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئوڭ يېنىغا قارىدى ۋە تامام ئاق ئېگىن كىيگەن ئەرۋاھلارنى كۆردى. ئادەم ئەلەيھىسسالام مۇناجات قىلدىكى: ئەي تەڭرىم، بۇلار كىملەردۇر؟ نىدا كەلدىكى: بۇ

سىنىڭ مۇسۇلمان ۋە مۆمىن پەرزەنتلىرىڭنىڭ ئەرۋاھلىرىدۇر. ئەمدى چەپ يېنىڭغا قارىغىن. ئادەم ئەلەيھىسسالام چەپ يېنىغا قارىدى ۋە تامام قارا ئىگىن كىيگەن ئەرۋاھلارنى كۆردى. ئادەم ئەلەيھىسسالام يەنە مۇناجات قىلدى: ئەي تەڭرىم، بۇ كىملەر-دۇر؟ نىدا كەلدىكى: بۇ سىنىڭ كاپىر پەرزەنتلىرىڭنىڭ ئەرۋاھلىرىدۇر.

ئەي ئاخۇنۇم، شۇ ۋاقىتتا مېنىڭ روھىم قايسى تەرەپتە ئىدى؟ ئوڭ تەرەپتىمۇ يا-كى چەپ تەرەپتىمۇ؟ ئەگەر دەرھەقىقەت، ئوڭ تەرەپتە بولسا، مەن خاتىرجەم بولۇپ، سۈبھىدىن شامغىچە ئاتام ۋە ئانامنىڭ خىزمىتىدە بولاي.

موللا بازار ئاخۇن شاھ مەشرەبتىن بۇ سوئالنى ئىشتىپ بىخۇد بولدى ۋە يەنە ھوشىغا كېلىپ:

— ئەي ئوغلۇم، سىز مەندىن تولىمۇ ئۇلۇغ ۋە زور بىر مەسىلىنى سورىدىڭىز. سىزنىڭ بۇ سوئالىڭىزغا ئاللاتائالادىن ئۆزگە مەخلۇق جاۋاب بېرەلمەس! — دېدى.

— ئەگەر شۇنداق بولسا، — دېدى مەشرەب، — ئاشىقنىڭ ئاتا - ئانىسى بولماس. ئەي ئاخۇنۇم، سىلىمۇ ئۆز ھۇزۇرلىرىدا بولغايلا.

موللا بازار ئاخۇن يىغلاپ - يىغلاپ ئۆيىگە راۋان بولدى.

ئەلقىسسە، شاھ مەشرەب يېرىم غۇلاچ ياغاچنى ئات قىلىپ مىنىپ، ئىشان موللا بازار ئاخۇننىڭ ئارقىسىدىن بۇ غەزەلنى ئوقۇپ يۈرۈپ كەتتى:

تۈشتى سەۋدايى مۇھەببەت باشىمە،
ئار ئېتىپ مەردۇم كېلۇرلەر قاشىمە.

كۆپ مۇھەببەت كويىدا قان يىغلادىم،
ھەفت ئىقلىم غەرق بولدى ياشىمە.

زاھىدى مىھراب ئارا تائەت قىلۇر،
مەن قىلۇرمەن سەجدە ئەگمە قاشىمە.

قىل ھەزەر ئەلبەتتە جانان قەھرىدىن،
يىغلاپ ئەرز ئايتسام بۇ باغرى تاشىمە.

مۇھتەسىب تۆكتۈمۇ ساقى بادەسىن،
يەتمەس ئول ئەقل مېنىڭ سىرداشىمە.

كۈندە يۈز مىڭ جەبىر قىلساڭ ئۆرگۈلەي،
ئەيلە تەسلىم مۇددەئى بەرداشىمە.

مەشرەبى دىۋانەنى ھەيران قىلىپ،
نە سەبەبدىن كەلمەگەيسەن قاشىمە.

ئەلقىسسە، شاھ مەشرەب «ئېتى»غا مىنىپ شەھەرگە راۋان بولدى.

شاھ مەشرەبنىڭ بىر مۇرىتى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ «پالانچى» بارمۇ سەن، دەپ قىچقىردى. مۇرىتى يۈگۈرۈپ چىقىپ ئىشان مەشرەبنىڭ خىزمىتىگە ھازىر بولدى. مەشرەب دېدىكى:

— مېنىڭ ئېتىم نەچچە كۈندىن بېرى ئاچتۇر. ئارپا بولسا، ئېلىپ چىقىپ بەرگىن !

مۇرىتى «خوش» دەپ، ئارپا ئېلىپ چىقىپ، ئىشان مەشرەبنىڭ ياغاچ ئېتىنىڭ ئالدىدا قويدى. ئىشان مەشرەب ياغاچ ئېتىغا قاراپ:

— ئەي جانىۋار، بىزنىڭ يولىمىز ئۇزاق، داۋانلار ئېگىز، يوللار خەتەرلىك. ھەمراھلىرىمىز كەتتى. ئەمدى نۆۋەت بىزلەرگە يەتتى. بوغۇزنى ئوبدان يېگىن. تاڭلا، يولدا ھېرىپ مېنى شەرمەندە قىلمىغىن، — دەپ موللا بازار ئاخۇنىنىڭ ئالدىغا كېتىۋېتىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

مەئرىفەت بازارىنىڭ دىۋانەسى،
بول ھەقىقەت ئىشقىنىڭ مەستانەسى.

ئاھ ئۇرۇپ چىقسە جەھاننى كۆيدۈرۈر،
ئىشق ئەھلى زىينەتى سەرمايەسى.

ئىككى دۇنيانى كۆزۈمگە ئىلمادىم،
مەنكى ئول دىيدارىنىڭ ھەيرانەسى.

ئەيلەدى كۆڭلۈم ئۆيىن قىلدى خىراب،
كىم تۇزەتتى مۇلكىنىڭ ۋەيرانەسى.

ماسىۋانى تەرك قىلدىم دېگەن ئول،
بۇ جەھان تەن مۇلكىنىڭ بىگانەسى.

مەشرەبى دىۋانەنى قىلدى ئەسىر،
قەددى مەۋزۇن ئەگمە قاشىڭ چارەسى.

دەپ مەشرەب موللا بازار ئاخۇنىنىڭكىگە كىرىپ كەلدى. موللا بازار ئاخۇن كۆردىكى، مەشرەبتە ئاجايىپ بىر ھالەت جەزىبە قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئاخۇن:

— ئەي دىۋانە، خۇش كەپسىز. بايا قايدا ئىدىڭىز؟ — دەپ ئىلتىپات كۆرسەتتى. شاھ مەشرەب ئىشان موللا بازارنىڭ ئىلتىپاتلىرىغا جاۋابەن بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

مەئرىفەتنى گۈلزارى موللا بازار دىۋانە،
ئاشىقلارنى سەردارى موللا بازار دىۋانە.

يوقتۇر ئەسلا گىينەسى بەھر ئىرفان سىينەسى،
نۇرى ھەق ئايىنەسى موللا بازار دىۋانە.

يول ئۈستىدە پۇل بولغان، ھەق نۇرىغە مۇل بولغان،
كىمنى كۆرسە قۇل بولغان موللا بازار دىۋانە.

جايلارىدۇر نەمەنگان، ھەق يولىدا جان بەرگەن،
مۇرىدلارىن سىناغان موللا بازار دىۋانە.

ئىچلەرىدۇر تولا نۇر، پىرلارىدۇر بەھادۇر،
بۇخارادە ئول مەشھۇر موللا بازار دىۋانە.

مەشرەب ئۆزى دىۋانە، ئىشق ئوتىغە پەرۋانە،
يول يۈرەدۇر سەرسانە موللا بازار دىۋانە.

* *

ئىشقىڭ ئوتىغە كۆيگەلى كەلدىم،
ئايدەك يۈزۈڭنى كۆرگەلى كەلدىم.

سەۋدايى زۇلفۇڭ تۇشتى باشىمە،
سەندىن دەۋاسىن سورغالى كەلدىم.

بەھرىگە كىردىم غەۋۋاس بولاي دەپ،
بىر دۇررى مەقسۇد ئالغالى كەلدىم.

مەندىن سوراساڭ، ئەي گۈلئۇزارىم،
مەھۋ جەمالىڭ بولغالى كەلدىم.

ئاسىي قۇلۇڭمەن يانىپ گۇناھدىن،
ئەستەغفىرۇللاھ ئايغالى كەلدىم.

قافىلە كەتتى، مەنزىلغە يەتتى،
مەن ھەم ئۇلارغە يەتكەلى كەلدىم.

كۆردۇم جەمالىڭ كەتتىم ئۆزۈمدىن،
مەجنۇنۇ شەيدا بولغالى كەلدىم.

ساقى قەدەھنى قىلغىلى مۇھەييا،
ۋەھدەت مەيىدىن ئىچكەلى كەلدىم.

رەھمەت ئىشىكىنى مەشرەبغە ئاچقىل،
ئىشقىڭ كويىدە ئۆلگىلى كەلدىم.

ئەلقىسسە، ئىشان موللا بازار مەشرەبكە باركاللا ئېيتتى. مەشرەب دېدىكى:
— بىر مەشۇقۇم بار ئىدى. ئېرىنى ئالداپ ئوتۇنغا ئەۋەتىۋېتىپتۇ. مېنى كەلسەڭ دېگەنىدى. مەن ھەم باراي دەپ ۋەدە قىلغانىدىم. سىزدىن جاۋاب ئالغىلى كەلدىم. باراي-مۇ يا بارمايمۇ؟
موللا بازار ئاخۇن تەبەسسۇم قىلىپ:
— بارغىن! ۋەدە قىلغاندىن كېيىن بارماق لازىمدۇر، — دەپ رۇخسەت بەردى. شاھ مەشرەب خۇشال بولۇپ خانىقادىن چىقىپ يولىغا راۋان بولدى. موللا بازار ئاخۇنىنىڭ مۇرىتلىرى:
— مەشرەب ئالىمنى مەسخىرە قىلدى. ئۇنىڭ مېھرىدىن كېچىپ بۇ ئىشىكتىن قوغلايلى، — دېيىشتى. ئىشان دېدىكى:
— ھەركىم مەشرەبكە ئازار بەرسە، ماڭا ئازار بەرگەندەك بولىدۇ. مەشرەبكە ھەرگىز دەخلى قىلماڭلار! «ئىيسايى ھەم ئۆز يولىغا، مۇسايى ھەم ئۆز يولىغا» مەشرەبنىڭ ئىجازەت مەنزىلى قەشقەر زېمىنىدىدۇر. ئۇنىڭ ئىشى شۇ يەردە پۈتكۈسىدۇر.
ئەمما، ئاخۇننىڭ ئىككى مۇرىتى مەشرەبنىڭ ئارقىسىدىن ماراپ چىقتى. بۇ ئىشتىن ئىشان بىخەۋەر ئىدى. ئۇلار دېيىشتىكى:«ئەگەر مەشرەبنىڭ شۇبۇ ئېيتقان سۆزى راست بولسا، يۈزىگە قارا سۈرتۈپ، بۇ ئىشىكتىن قوغلىماق كېرەك.»
ئەلقىسسە، مەشرەب نەمەنگاننىڭ كوچىسىدا يىغلاپ ئۆز ھالىچە كېتىپ باراتتى. نەمەنگان خەلقى — ئالتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە تامامى خەلق مەشرەبنىڭ يىغىسىغا ھەمدەم بولۇشۇپ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈرەتتى. مەشرەب تەڭرىگە نالە-زار قىلىپ يەنە بۇ ھەققانەنى زۇھۇرغا كەلتۈردى:

ئىلاھا، رەھىم قىل مەن خەستەگە كۆپ ناتەۋاندۇرمەن،
قىزىل گۈل غۇنچەسىدەك تەھبەتەھ كۆپ باغرى قاندۇرمەن،
قىلۇرغە شەرھى دىل، تىل يوق ئەجايىپ بىزەباندۇرمەن،
گەدايى كوچەلەر ئىشكىدە رەسۋايى جەھاندۇرمەن،
غەرىبۇ بىكەسۇ بىچارەئى بىخانۇماندۇرمەن.

بەلا دەشتىدە مەجنۇندەك ئەجەب دىۋانەدۇر كۆڭلۈم،
گىرىفتارى ئەسىرى زۇلفىغە جانانەدۇر كۆڭلۈم،
جۇنۇن بازارىدا مەنسۇردەك ئەفسانەدۇر كۆڭلۈم،
مۇھەببەت ئوتىدا كۆيگەن ئۇشۇل پەرۋانەدۇر كۆڭلۈم،
كېچەدىن تا سەھەر مەن ھەمدەم ئاھى فىغاندۇرمەن.

ھەنۇز بۇ تاجدىن بەختىم بولۇپدۇر سەرۋ نىھالە،
تىزىلغان كىرپىكىم ئۈستىدەكى مانەندەئى ژالە،
بۇ يەڭلىغ تىيرە بەخت ئۇلغاچ جىگەر پەركالە ـ پەركالە،
كۆيۈپ ئۆرتەندى ئىشقىڭدا ھەمەسى بۇ پەرۋ بالە،
ئەسىيرى غەم بولۇپ غەم ئىچرە رەڭگى زەئفەراندۇرمەن.

جەھاننى بىبەقا دەرلەر قانى خۇسرەۋ، قانى داراب،
قانى جەمشىدۇ ئىسكەندەر، قانى رۇستەم، قانى سىھراب،
قانى جۇملە پەيەمبەرلەر، قانى ئۇل ساھىبى مىھراب،
قانى بۇ بەكرىيۇ سىددىق، ئۇمەر، ئۇسمان، ئەلى ناياب،
قانى ھەيدەر، دەر ئىردى: كى مەن ساھىبقىراندۇرمەن.

تەمام مۇلكى ئالەمنى ئۆلۈمنىڭ چاكەرى كۆردۈم،
نىھالىغە نەزەر سالدىم ئۆزۈمنى كافىرى كۆردۈم،
ئۆتۈپ بۇتخانەگە بارماقنى ئەمدى ئارىيەت كۆردۈم،
بۇ كوھنە دۇنياغە باقىپ بۇزۇغلۇق لەڭگەرى كۆردۈم،
كى مەن يول ئۆتكۈچى ئاندىن غەرىب بىر كارۋاندۇرمەن.

بۇ مەشرەب ئاستانەڭگە كېلىپدۇر ھەق ئاللاھ دەپ،
كېلىپ دەرۋازەدە تۇرمىش ھەمىشە شەيئەن لىللاھ دەپ،
ئەدەم مۇلكىغە يۈزلەندىم بەر ئىمانىم ماڭا يارەب،
بىھەققى ئالىي ئەسھابى قۇرۇغ ياندۇرمە گۇمراھ دەپ،
قايان بارغايمەن، ئەي ئەھمەد سەگى ئۇل ئاستاندۇرمەن.

مەشرەبنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەلگەن خەلق مەشرەبنىڭ ھالىغا تەئەججۇپلەر قىلىشاتتى. مەشرەب يەنە بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

ئوشۇل كۈن ساڭا، ئەي شوخ، سىتەمگەر ئاشنا بولدۇم،
جەمالىڭنى كۆرەي دەپ ئارزۇ بىرلەن ئادا بولدۇم.

بىبازارى مۇھەببەت گەۋھەرى قىيمەت بەھا ئىردىم،
رەقىبلەر ئالدىدە مىسلى سەدەفدەك كەم بەھا بولدۇم...

قەلەندەرۋار ھەجرىڭدە نەۋايۇ نالەلەر قىلدىم،
سەنى دەردۇ غەمىڭدىن، ئەي پەرى پەيكەر، ئەدا بولدۇم.

مۇھەببەت ئوتى كۆيدۈردى يۈرەك ـ باغرىمنى، ئەي مەشرەب،
كۆيۈپ كۈل بولدى جىسمىم ئەمنىيەت بولدۇم، زىريا بولدۇم.

ئەلقىسسە، مەشرەبنىڭ ئالدىدا بىر كۆل بار ئىدى. «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ كۆلگە غايىب بولدى. خەلق «مەردانەئى خۇدا» ئىكەن دېيىشىپ تەھسىن ـ ئاپىرىنلار ئوقۇشتى. مەشرەبنىڭ ئانىسىغا «مەشرەب ئۆزىنى كۆلگە تاشلاپ غايىب بولدى» دېگەن خەۋەر يەتتى. مەشرەبنىڭ ئانىسى بۇ خەۋەرنى ئىشتىپ بىخۇد بولۇپ يىقىلدى. بىر پەستىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ كۆلنىڭ لېۋىگە كەلدى ۋە:

— ۋاي بالام، ئەي جىگەر پارەم، پەرزەنتىم ! مەن سېنى ئۈمىد بىلەن باقىقانىدىم. مۇنداق قىلغىنىڭغا مەن رازى ئەمەس ! — دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بۇ غەرىبلىق دەردىدىن كۆپ ناتەۋان بولدۇم بالام،
مىسلى ئول بادى خەزاندەك زەئفەران بولدۇم بالام.

بۇ جۇدالىق دەردىنى ئايتاي ئىشتىڭ دوستلار،
زارى دىلنى ئايتمايىن يولغە راۋان بولغان بالام.

ئىشان مەشرەب سۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئانىسىنىڭ ھەققىدە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئول قىيامەتدە جۇدالىق باشىغە تۈشكەن ئانام،
ياش قالىپمەن ئاتادىن دىيدارىغە تويماي ئانام.

بۇ جۇدالىق دەردىغە يىغلاپ يۈرۈپ شامۇ سەھەر،
مېھرىبانلىقنى زىياد ئەتكەن ماڭا كۆيگەن ئانام.

ۋادەرىغا، ھەركىم ئۆز ھالىغە ئايتۇر: يا ئىلاھ،
ئەي خۇدا، بەرگىن شەفائەت دەپ دۇئا قىلغان ئانام.

ئول قىيامەت دەشتىدە ھەر كىم ئۆز ھالىندەدۇر،
ھەۋزى كەۋسەرنىڭ سۈيىنى كەلتۈرۈپ بەرگەن ئانام.

ۋە يەنە ئانىسى ئىشان مەشرەبنىڭ ھەققىدە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

مىسلى مەجنۇندەك قىيامەت دەشتىدە سۇساپ يۈرۈپ،
ۋاي بالام بىلمەي يۈرۈمسەن، مېھرىبان بولغان بالام.

تۈن سەھەرلەردە تۇرۇپ، ساۋۇق بۆشۈكىڭنى قۇچۇپ،
ئەمچەكىمدىن سۈت بېرىپمەن قايدا سەن جانىم بالام.

بۇ جۇدالىقتا قالىپمەن قايدا سەن جانىم بالام،
ھەسرەتىڭدىن قان يۇتۇپمەن قايدەسەن جانىم بالام.

مەشرەب يەنە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

تۇن سەھەرلەردە قوپۇپ ساۋۇق بۆشۈكلەرنى قۇچۇپ،
ئاق سۈتىنى ئىمزىبان ئاسراغان جانىم ئانام.

ئانىسى بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ماسىۋا بولدۇم ئۆزۈم خاۋەرى خۇدانىڭ يولىدا،
بارچە ئالەمدىن كېچىپدۇر ماسىۋا بولغان بالام.

ئىشان مەشرەب بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

غەرىبلىق يولىغە تۈشكەن مەن گەدا، ئانام رىزا بولغىل،
ئەزەلدىن كەلمىشىم بەختىم قارا، ئانام رىزا بولغىل.

بالام دەپ تۇتمە ماتەم، مەن كېتەرمەن، كەلمىشىم
بامى خالىق ئەرزۇ سىما، ئانام رىزا بولغىل.

كۆزۈڭدىن تۆكمە ياشىڭ يول ئاچىلماس ماڭا، ئەي كەئبەم،
قوبۇل قىلغاي جەمئى ئەۋلىيالار، ئانام رىزا بولغىل.

كەل، ئەي مەشرەب بۇ كۆن سەججادەلەرنىڭ روھىنى ئىزدە،
مەن ھەم مەنسۇر ھەللاجىم، غەرىب ئانام رىزا بولغىل.

ئانىسى يەنە بۇ بېيىتنى ئوقۇپ:

يۈز بەلا باشىمغە تۈشتى مۇبتەلا بولدۇم بالام،
كۆرمەيىن ئايدەك يۈزۈڭنى بىنەۋا بولدۇم بالام.

يىغلارەم كېچە ـ كۈندۈز دەمبەدەم يادىڭ بىلە،
غەمدە كۆيدۈم، تەلبە بولدۇم، ناتەۋان بولدۇم بالام.

ھەم ئەزەلدە ھەق سېنىڭ روھۇڭنى يەك ئەتتى جەنان،
مەن كۆيۈپ يادىڭ بىلە بىمۇتتەكا بولدۇم بالام.

دەپ تۇرۇشىغا مەشرەب «ھۇ» دەپ سۇدىن چىقتى. پۈتۈن خەلق كۆردىكى، مەشرەب ئۇچاقتىن يېڭى پىشۇرۇپ ئالغان ناندەك قىزىرىپ كېتىپتۇ. ئىشان مەشرەب ئانىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ:

— ئەي مېھرىبان ئانا، مېنىڭدەك ناقابىل پەرزەنتىڭىزدىن رازى بولۇڭ. ئەزەلدىن خۇدايىتائالا مېنى بۇ يولغا ساپتۇ، — دەپ موللا بازار ئاخۇننىڭ خىزمىتىگە راۋان بولدى. تامام نەمەنگان خەلقى مەشرەبنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى.

موللا بازار ئاخۇن سورىدىكى:

— ئەي مەشرەب، قەيەردە ئىدىڭىز؟

مەشرەب جاۋاب بېرىپ:

— ئەي ئاخۇنۇم، بىر مەشۇقۇم بار ئىدى. كېلىنىڭ، ئەيش - ئىشرەت قىلايلى، دېگەندى. بېرىپ ھەزىل - چاقچاق قىلىشىپ تۇرغاندۇق. توساتتىن ئېرى كېلىپ قېلىپ مېنى تۇتۇۋالدى ھەم بىرنەچچە تاياق سوقتى. شەرمەندە بولۇپ يېنىپ كەلدىم، — دېدى. موللا بازار ئاخۇن مەشرەبنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئاپىرىن ئوقۇدى. ئەمما، ئاخۇنۇمنىڭ مۇرىتلىرى كېلىپ:

— تەقسىر، ئىشان مەشرەب يالغان ئېيتىۋاتىدۇ. ئۇ نەمەنگان كوچىسىدا يىغلاپ يۈرۈپ ھېيتگاھدىكى كۆلگە چۆمۈلۈپ چىقتى، — دېيىشتى.

— ئەي يارانلار، مەشرەب بۇ يۇرتنىڭ پىسقى - پاساتلىرىنى ئۆز ئۈستىگە يۈكلەپ يۈرۈۋاتقاندى. ئەمدى مەشرەبنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇڭلار، — دېدى.

ئىشان مەشرەب:

— ئەي ئاخۇنۇم، مېنىڭ ئارقامغا ماراقچى قويۇپ، مېنى شەرمەندە قىلدىڭىز. ئەمدى بۇ يۇرت سىزگە قالدى. ئىككى پىچاق بىر غىلاپقا سىغماس. قەشقەر ۋىلايىتىدە مەخدۇم ئەزەمنىڭ نەۋرىسى ھەزرىتى ئاپاق خوجام بار ئىمىش. ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىگە باراي. دۇنيادا ئىككى ئاپاق ئۆتكەن: بىرى ھەزرىتى خاجە ئابدۇلخالىق غىجدەۋانى، يەنە بىرى سەيىد ئاپاق خوجام. مۇنداق يۈرگىنىمدىن شۇنداق پىرى كامىلنىڭ خىزمەتلىرىگە بارغىنىم ياخشىراقتۇر، ئەي ئاخۇنۇم، سىزگە بۇ ۋىلايەت قۇتلۇق بولسۇن. بىزگە يول قۇتلۇق بولسۇن، — دەپ بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇپ، قەشقەرگە راۋان بولدى:

قالىپمەن يۈز مەلامەت ئىچرە راھەت كۆرمەگەن جانىم،
باشىمدا نەچچە مىڭ سەۋدايى، لەززەت كۆرمەگەن جانىم،
تۇشۇپمەن مېھنەت سەناۋەر كۆرمەگەن جانىم،
ھەقىقەت تەختىگاھىڭدا رەھبەر كۆرمەگەن جانىم،
جەفا چەككەن، ئەلەم تارتقان، ھەلاۋەت كۆرمەگەن جانىم.

ياشىم ئون بەشكە يەتتى، بارى قايغۇدىن قارىپدۇرمەن،
بۇ مېھنەتخانەدە ئۈستخانىم ئاقارىپدۇرمەن،
بەيابان ئىچرە قالغان بىۋەتەن تۇشكەن غەرىبدۇرمەن،

كۆيۈپ يادىدا يىغلاپ كەھرىبادەك سارغارىپدۇرمەن،
جەفا چەككەن، ئەلەم تارتقان، ھەلاۋەت كۆرمەگەن جانىم.

كى بۇلبۇلمەنكى ھەرگۈل شاخەسىدە ئاشنايىم يوق،
مەگەر مىھنەت چېكىپ، راھەت كۆرەرمەن دەپ تەمايىم يوق،
مۇسافىرلىق دىيارىدا مەكانىم يوق، نىشانىم يوق،
غەم ئۆتى تۇشمەگەن، كۆيدۇرمەگەن بىر ئۇستىخانىم يوق،
جەفا چەككەن، ئەلەم تارتقان، ھەلاۋەت كۆرمەگەن جانىم.

مەنى بىلمەم ئىگەم، يارەب، نېچۈك ئىنسان ياراتىپدۇر،
نېتەي شۇم تالىئىم ئاشۇفتەئى دەۋران ياراتىپدۇر،
.............①
جەفا چەككەن، ئەلەم تارتقان، ھەلاۋەت كۆرمەگەن جانىم.

ئىلاھا، تەۋبە قىلدىم، مەغفىرەت قىلغىل گۇناھىمنى،
ئارىخ رەھمەت سۇيى بىلە ئارىت سۇيى سىياھىمنى،
بىھەمدۇللاھ، بىلىپمەن ئول مۇھەممەددەك گۇۋاھىمنى،
ئەگەرچە ئاسىيدۇر مەشرەب تاپۇپمەن پادىشاھىمنى،
جەفا چەككەن، ئەلەم تارتقان، ھەلاۋەت كۆرمەگەن جانىم.

ئاندىن ئۆز ھەسبى ـ ھاللىرىغا بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

نەدامەتدە تۆكۈپ ياش ۋەسلىڭ ئىزلەپ يۈرگەنىم بىھراق،
غەمۇ دەردىڭ رەفىق ئەيلەپ مۇدام ئاھ ئۇرغانىم بىھراق.
جەھان مەيدانىدە يۈرگەن مۇھەببەت ئوتىغە كۆيگەن،
سۆيەر قوللارنى ئەزىز كۆزلەرىمغە سۈرگەنىم بىھراق.

ئۇشول مەجنۇندەك يۈرەك ـ باغرىم ئاقىپ كۆزدىن،
سەنەمنى ھەجرىدە سەھراۋۇ چۆلنى كەزگەنىم بىھراق.
قىيامەت ھەشرگاھىدە سورۇلغاي بارچە كىردارىم،
يەقامنى چاك ئېتىپ ۋەللاھ بۇ كۈن داد ئەتكەنىم بىھراق.

مۇيەسسەر بولماسە جەننەت ئىچىدە دەۋلەتۇ دىندار،
بىھىشتدىن كەچىبان دەۋزەخ ئىچىدە كۆيگەنىم بىھراق.
خەزان بولماي گۈلىستانى بەھارى ئۇمر، ئەي مەشرەب،
سەھەر ۋەقتىدە بۇلبۇلدەك فىغانلار قىلغانىم بىھراق.

---

① بۇ يەردە ئىككى مىسرا بېيىت كەم.

* * *

نەمەنگان شەھرىدىن كەتسەم مەنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
غەرىبلىق شەھرىدە ئۆلسەم مەنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
مۇھەببەت شەربەتىن ئىچتىم، قازاندەك قايناپان تاشتىم،
بۇ فانى دۇنيادىن كەچتىم مەنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

تۇشۇبدۇر باشىمە سەۋدا رەمۇزى ئىشقدىن غەۋغا،
ئۆزىغە ئەيلەدى شەيدا مەنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
تۇرارغە تاقەتىم يوقدۇر، يۇرەرغە ھالەتىم يوقدۇر،
يۇرەكدە ئىشق ئوتى كۆپدۇر، مەنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

قەرارىم يوق تۇراي دېسەم، نەمەنگاندا يۇرەي دېسەم،
جەھاننى سەير ئېتىپ كەزسەم مەنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
بۇ مىسكىن زارى مەشرەبنى كىشى ھالىنى بىلمەيدۇر،
بۇ يەردىن باش ئالىپ كەتسەم مەنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

ئەلقىسسە، شاھ مەشرەب مەنزىلمۇ مەنزىل يۇرۇپ، داۋانلار ئېشىپ، قەشقەر دىيارىغا يېقىن كەلگەندە دىماغلىرى چاغ بولۇپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

ئەي مەنىڭ نازۇك نىھالىم يار ـ جانىم، قايدا سەن؟
بۇ كۆكۈل بوستانىدا غۇنچە دەھانىم، قايداسەن؟

ھالىمىز بىھەد ياماندۇر كەلمەسەڭ ھالىم سوراپ،
ئەي مەنىڭ خۇش مېھرىبان روھى رەۋانىم، قايداسەن؟

نەچچە كۈندۇر بۇ كۆكۈل مۇشتاق ئېرۇر دىدارىڭە،
ئۆرگۈلەي، ئەي دىلبەرى شىرىن زەبانىم، قايداسەن؟

كۆزلەرىم گىريان بولۇپ قالدىم بۇ غەم سەھراسىدا،
ھەسرەتىڭدە چىقتى بۇ ئاھۇ فىغانىم، قايداسەن؟

تەشنەلەبدۇر مەشرەبىڭ، ئولدى يۈرەكى ھەم كەباب،
فۇرقەتىڭدە، ئەي مەنىڭ ئارامى جانىم، قايدا سەن؟

شاھ مەشرەب شۇ تەرىقىدە قەشقەرگە يېتىپ كەلدى ۋە قەشقەر خەلقىنى كۆرۈپ جۇنۇنلىرى زىيادە بولۇپ، بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

دەرگەھىڭگە... بىر ئاجىز ئەفگار كېلىپمەن،
ئەرزى دىلىمنى ئايتماق ئۈچۈن زار كېلىپمەن.

يوقدۇر ئېلكىدە ساڭا بىر تۇھفەئى لايىق،
جۇزۇ دىل گۇنەھ ئەل ئىچىدە خار كېلىپمەن.

رەد قىلمە قەبۇل ئەيلە، كى شەرمەندەلىكىمدىن ـ
رەسۋايى سەيرى كوچەۋۇ بازار كېلىپمەن.

بازارى جەھان ئىچرە ئۇشۇل شەھرى ئەدەمدىن،
جان نەقدى بىلە ساڭا خەرىدار كېلىپمەن.

لۇتف ئىلە كەرەم ئەيلەۋۇ دەردىمغە دەۋا قىل،
دەرمان تىلەبان ساھىبى ئازار كېلىپمەن.

زار ئىلە تولا قىلادۇر خەستە بۇ مەشرەب،
ئاچ پەردەنى كىم تالىبى دىيدار كېلىپمەن.

ئاندىن، شاھ مەشرەب ھەزرىتى ئافاق خوجىنىڭ ئاستانىسىگە كەلدى ۋە بېشىنى ھەزرەتنىڭ بوسۇغىسىغا قويۇپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

ئەزەلدىن تائەبەد دوستلار ھەمىشە ئاللاھ دەپ كەلدىم،
تىلىمدا رەببىيەل ـ ئەئلا يەنە دىيدار دەپ كەلدىم.

كى سەن ئەۋلادى پەيغەمبەر، ئاتىڭدۇر خاجەئى ئافاق،
كى نەۋمىد قويماغايسەن دەپ ئۇلۇغ دەرگاھى دەپ كەلدىم.

ئەزەلدىن ماڭا سالدى ئۇشبۇ ئوتنى، ئەي مۇسۇلمانلار،
ئانىڭ ئۈچۈن كۆيەرمەن تۈنۈ كۈن يۈز ئاھ دەپ كەلدىم.

قىيامەت بارگاھىنى تۈزەر ئول كۈن مۇسۇلمانلار،
زەلەمنا رەببەنا دەپ ۋاھىدۇل ـ قەھھار دەپ كەلدىم.

ھىدايەت كۆرگۈزۈڭ ئافاق خوجام پۇشتى پەناھىمسىز،
ئاداشقان، يولدە قالغان مەن غەرىبكە راھ دەپ كەلدىم.

كەل، ئەي مەشرەب كى ئاشىق سەن، ئۈمىد ئولدۇركى ئەفۇ ئەتكەي ،
ھەسەن بىرلە ھۈسەين ھەققى ئۇلۇغ دەرگاھ دەپ كەلدىم.

ئەلقىسسە، ئىشان مەشرەبنىڭ ئەھۋالى ھەزرەتكە مەلۇم بولدى. ئېيتتىكى:
— ئەي سوپىلار، ئالەمدىن ھېچ خەۋەرىڭلار يوقمۇ؟ شۇ تاپتا بىر غېرىب بىچارە

مېنىڭ دەرگاھىمغا كېلىپ يىغلاپ تۇرۇپتۇ. شۇ بىچارىنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار!

موللا باقى ئاخۇن بىلەن موللا ساقى ئاخۇن چىقىپ ئىشان مەشرەبنى باشلاپ كىردى. كۆردىكى، ئۇ چىرايى قىزغۇچ، بۇرۇتى ئەمدىلەتىن خەت تارتقان، شەھلا كۆز، يالاڭباش، چاچلىرى بېلىگىچە چۇشكەن، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرىدىغان بىر يىگىت ئىدى. ئۇلار ھەزرەتكە:

— ئەي پادشاھىم، بىز شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىدە يۈرۈپ، مۇنداق ئاتەش نەپەس قەلەندەرنى كۆرمىگەنىدۇق، — دېيىشتى.

ئىشان مەشرەب ھەزرىتى ئاپاق خوجىنىڭ جامالىنى كۆرۈپ مەست - مۇستەغرەق بولۇپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

بۇ كۈن مەخدۇم ئەئزەم پادشاھىم كۆرگەلى كەلدىم،
ئىتىدەك ئاستانىغە يۈزۈمنى سۈرگەلى كەلدىم.

قىيامەت بارگاھىنى تۈزەر ئول كۈن مەلائىكلەر،
كى سەن كىميا نەزەرسەن، مەن ھەم زەر بولغالى كەلدىم.

سەنى بۇزۇرگلىغىڭنى شۆھرەتى ئالەمنى تۇتقاندۇر،
قۇلۇڭ مەشرەب دۇئايى خەير ئىلە ياد ئەتكەلى كەلدىم.

ھەزرىتى ئاپاق خوجام بۇ مۇناجاتنى ئىشتىپ:

— ئەي سوپىلار، بۇ دىۋانىنى يېقىنراق كەلتۈرۈڭلار، — دېدى. سوپىلار مەشرەبنى ئىككى قولىدىن تۇتۇپ ئېلىپ كېلىپ ھەزرەتنىڭ ئايىغىغا يىقىتتى. ھەزرەتى ئىشان مەشرەبنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— ئەي مەشرەب، قەيەردىن كەلدىڭىز؟ — دېدى.

مەشرەب:

— نەمەنگاندىن كەلدىم. ئۈمىدىم ھەزرەت بىلەن كۆرۈشۈش ئىدى، — دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بۇزۇرگۇ مەردى خۇدا دەپ دۇئا تىلەپ كەلدىم.
ۋەلى شىرىنەما دەپ پەناھ تىلەپ كەلدىم.

قولىغە خەنجەر ئالىپ ئول سەنەم دېدى: باش بەر،
كەمىنە بىكەسۇ ئاجىز رىزا تىلەپ كەلدىم.

قەلەندەرلىك مەشرەب يەنە يولۇڭغا باش قويۇبان،
بۇ ئاستانەغە يەئنى زىيا تىلەپ كەلدىم.

(داۋامى بار)

(ئابلىمىت ئەھەد بوگۇ: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا، دوتسېنت)



# تۇرپان ۋەسىقىلىرى

(ھۆججەت - ۋەسىقىلەر)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نەجىبە ئەمىن

ئىلاۋە:

بۇ ۋەسىقىلەرنى تۇرپان شەھەر ئاستانە يېزىسىدىن ئىبراھىم رەھمىتۇللا ۋە ئابلەت ئىسمايىل قاتارلىقلار ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، چاغاتاي يېزىقىدا خەتتى تەئلىق شەكلىدە يېزىلغان. ۋەسىقىلەر ئاساسەن ياخشى ساقلانغان بولۇپ، يەر - زېمىن سېتىۋېلىش - سېتىش، ئىجارە بېرىش - ئېلىش، قەرز قايتۇرۇش - تاپشۇرۇپ ئېلىش، مىراس بۆلۈشۈش، بالا بېقىۋېلىش، خەت - ئالاقە قاتارلىق ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋەسىقىلەر ئەسلى نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى. نەشرگە تەييارلاشتا نومۇر قويۇلدى①.

(15 - ھۆججەت)

تارىخقا بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئەللىك سەككىز. مىنگونىڭ يىگىرمە سەككىزىنچى يىلى ئىككىنچى ئاي. مەنكى لاڭفۇ گۇڭشاڭدىكى مۇھەممەت باقى ھاجىنىڭ ئوغلى سېتى ئاخۇندۇرمەن. ئىقرار قىلدىمكى، ئىنىم سەيدۇل ئاخۇندىن سېتىۋالغان گوڭشاڭ تۆۋەن كارىزدىكى مەزكۇر ئىككى ئېغىز ئۆينى كۈن چىقىش تەرەپكە ئۇدۇل ئارلىقلىرى ۋە ئارقىدىكى قوتان بىلەن قوشۇپ ۋە يەنە ئاتا مىراس ئۈزۈمگە تەۋە بولغان بىر كۆرىلىك قۇرۇق يېرىمنى قوشۇپ زېمىنلىق قىلىپ ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ياقۇپ ئاكامغا ئاتمىش تۈمەن سەر پۇلغا ساتتىم. مەزكۇر پۇلنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئالدىم. ھەققىم قالمىدى.

---

① بۇ ساندا ئېلان قىلىنغان ھۆججەت ۋەسىقىلەر ئالدىنقى ساندىكى ھۆججەتلەرنىڭ داۋامى بولۇپ، ئىلاۋە بۇ ماقالىدا تولۇقلاندى.

مەزكۇر ئۆيلەرنىڭ چېگرىسى: شەرق تەرىپى، بىر قىسمى مۇشتەرىنىڭ جايى ۋە بىر قىسمى مەنكى زېمىن ساتقۇچى سېتى ئاخۇننىڭ جايى، پاسىلى تام.

شىمال تەرىپى، مەنكى سېتى ئاخۇننىڭ يېڭى سوقمامغا تۇتاش. غەرب تەرىپى، كونا تىلمىغا تۇتاش. جەنۇب تەرىپى، يول.

قورۇق يەرنىڭ چېگرىسى: شەرق تەرىپى، مەزكۇر قوتاننىڭ تېمىغا تۇتاش. شىمال تەرىپى، تىلمىغا تۇتاش. غەرب تەرىپى، كونا تىلمىغا تۇتاش. جەنۇب تەرىپى، يول.

ئۆيلەرگە ئارلىقنىڭ تۆرە تېمىدىن ئىشىك ئېچىپ ماڭىدۇ. بۇندىن ئېتىبارەن بۇ ئۆي ۋە يەرلەر توغرىسىدا ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەۋلادلىرىمدىن بىرەرى چىقىپ دەۋا ـ دەستۇر قىلسا ئىناۋەتسىز بولۇپ، قايتۇرۇلىدۇ، دەپ شەرىئەت مۇھرىنى باستۇرۇپ بەردىم. بۇ ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەردارلار: ئابدۇللا ھاجىم، راھىل ئاخۇن، بارات ئاخۇن، ھاسان باي، بارات ئاخۇن، ھەمدۇل ياقاڭ، ئابدۇقاھار ئاخۇنلاردۇر.

(16 ـ ھۆججەت)

تارىخقا بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش. مىنگونىڭ ئوتتۇز بەشىنچى يىلى ئونىنچى ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنى، بىزلەركى گۇڭشاڭ چاڭشۇي...

سېتى ئاخۇننىڭ ۋارىسلىرى ـــ ئاياللىرى زىرىخان ۋە نىيازخان، ئوغۇللىرى سەيفۇل ئاخۇن، سەيدۇل ئاخۇن، ئابدۇرەھمان ئاخۇن، ئابدۇللاھ ئاخۇنلار، كىچىك ئوغۇللار ئابدۇلھەلىم ئاخۇن، ئابدۇلغەفۇر ئاخۇن، ياسىن ئاخۇنلارغا مەن ئابدۇرەھمان ئاخۇن ئىگە بولۇپ، (قىزلار رازىخان، زىبىرخان، ئانارخان، سەئىدخانلاردۇرمىز)، بىز ھەممىمىز دەرقەمتە تورۇپ، توختىخانىغا بەرگەن تەقسىم خېتىمىز شۇكى، ئاتىمىزدىن قالغان يەر، سۇ، ھويلا ـ ئىمارەت، ئات ـ ھارۋا ۋە ئۆي، ئەشياكازالارنى تەقسىملەپ ئېلىش ئۈچۈن ھافىز ھاجى ئاخۇنۇم باشلىق بىرنەچچە ياخشىلارنى چاقىرىپ كەلگەن ئىدۇق. بۇ ياخشىلىرىمىزنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق مەلۇم بولدىكى، ئاتىمىزنىڭ ئون تۆت دادەن بۇغداي قەرزى بار ئىكەن. ئات ـ ھارۋا ۋە بىرمۇنچە ئۆي ـ بىساتلاردىن چىقىرىپ مەزكۇر قەرزنى ئادا قىلدۇق. يەنە ئۈچ تۈمەن يەتتە مىڭ ئۈچ يۈز يۈەنلىك ئۆي بىساتى ئېشىپ قالغانىدى. بۇ نەرسىلەردىن ئوغۇل ـ قىزلارغا تەقسىملىنىپ ھەرقايسىمىز ئۆز نەسىۋىلىرىمىزنى ئالدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا يەر ـ سۇدىن مەلۇم بولغىنى: تۆۋەنكى كارىزدا يىگىرمە بەش كۈن كۆزلۈك نۆۋەت ۋە ئون ئالتە كۈن يازلىق نۆۋەتلىك بىر پۈتۈن كارىز. بىر يۇرۇش ھويلا ۋە بىرمۇنچە دەرەخ. بەش يۈز ئون ئۈچ مو يەر.

يۇقىرى كارىزدا يىگىرمە تۆت كۈن نۆۋەتتە ئون بىر يېرىم كۈن كۆزلۈك سۇ ۋە قالغىنى يازلىق سۇ. ئۇنىڭغا تەۋە بىر يۈز يىگىرمە مو يەر. بىر يۇرۇش ھويلا - ئىمارەتلەر. مەزكۇر نەرسىلەرنى ۋارىسلارغا تەقسىم قىلغاندا توختىخانغا تەيىنلەنگەن نەسىۋە شۇكى، يۇقىرى كارىزدا بىر يېرىم كۈنلۈك كۆزلۈك سۇ ۋە بىر كۈنلۈك يازلىق سۇ، ئون ئالتە مو يەر ۋە ئۆي. ئۇنىڭدىن باشقا توختىخاننىڭ چاتقال كۆنچى كارىز ئانا تەرەپتىن كەلگەن بىر ئاز يەر سۈيى ئاتىمىز ھايات ۋاقتىدا سېتىلىپ بۇ ئۆيدە خەجلىنىپ كەتكەن بولۇپ، شۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن، يۇقىرى كارىزدىن چاڭشۈي يېرىم كۈنلۈك سۇ ۋە ئۇنىڭغا تەۋە يەر بىلەن توختىخاننى رازى قىلدۇق. توختىخانغا تەقسىملەنگەن يەرنىڭ چېگرىسى:

شەرق تەرىپى، كىچىك قىزلارغا تەقسىملەنگەن يەر فاسىلى ئارىلىق، شىمال تەرىپى، توغرا ئارىلىق. غەرب تەرىپى، باھائۇددىن ھاجىنىڭ كارىزى، فاسىلى يول. جەنۇب تەرىپى، ئەبرار ئاخۇنۇمنىڭ يېرى، فاسىلى يول.

ۋە يەنە يېرىم كۈنلۈك چاڭشۈي سۇغا چىقىرىپ بەرگەن يەرنىڭ چېگرىسى:

شەرق تەرىپى، كىچىك قىزلارنىڭ يېرى، فاسىلى ئارىلىق. شىمال تەرىپى، قۇم دۆڭ. غەرب تەرىپى، توختى ھاجىمنىڭ يېرى، فاسىلى قىر. جەنۇب تەرىپى، توغرا يول.

توختىخانغا يەنە يۇقىرىقى كارىزدىكى ھويلىدىن بىر ئېغىز سامانلىق ئۆي ۋە بىر چوڭ قوتان، كۈن چىقىشقا ماڭىدىغان يولى بىلەن قوشۇپ ئۆي ئورنى تەقسىملەپ بەردۇق. مەخپىي قالمىغايكى، يۇقىرىقى كارىزدا تەقسىم قىلىنماي قالغان بىر كۈن كۆزلۈك ۋە يېرىم كۈن يازلىق قودۇق سۈيى ئوغۇل - قىزلارغا تەقسىملەنگەندى. ئوغۇللارنىڭ ھەربىرىگە ئىككى يېرىم سائەتتىن كۆزلۈك سۇ، قىزلارغا بىر سائەت ئون بەش مىنۇتتىن كۆزلۈك سۇ، يازلىق تاپشۇرۇپ ئالدۇق. بۇ يەر - سۇلارنىڭ ھەرقايسى يەر - سۇغا ئىگە بولغۇچى ۋارىسلار نەسىۋىمىزگە چۈشلۈق ئىشلىتىمىز. بۇندىن كېيىن بۇ توغرىدا بىر - بىرىمىزگە دەۋا قىلىشمايمىز دەپ خەت قىلىپ، شەرىئەت مۆھرىنى باستۇردۇق.

گۇۋاھلار: ئەسئەدۇللاھ ھاجى داموللام، ئابدۇقەييۇم ئاخۇنۇم، ئابدۇللا ھاجىم، ھەمدۇل بوجاڭلاردۇر.

**(17 - ھۆججەت)**

مىنگونىڭ يىگىرمە توققۇزىنچى يىلى ئون بىرىنچى ئاينىڭ يىگىرمىنچى كۈنى. مەنكى مەمەت باقى ھاجىمنىڭ ئوغلى سېتى ئاخۇندۇرمەن. ئىقرار قىلدىمكى مېھر-

ئەنگۈزخان ۋە ئايشەمخاندىن ئالغان بىر يېرىم قىزلىق ئۆي زېمىنىمنى ياقۇب ئاخۇن ئاكامغا بىر يۈز ئون ئىككى يېرىم دوللارغا ساتتىم. مەزكۇر پۇلنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئالدىم. ھېچقانداق ھەققىم قالمىدى. بۇ توغرىدا مەن ياكى مېنىڭ ئەۋلادلىرىمدىن بىرەرسى چىقىپ دەۋا قىلسا شەرىئەت ھۆكمى بويىچە قايتۇرۇلسۇن، دەپ خەت قىلىپ قولۇمنى بېسىپ بەردىم. مەنكى سېتى ئاخۇن.

قۇربان ئاخۇن، ئىبراھىم ئاخۇن، ھەمدۇللا ئاخۇنلار شاھىددۇر.

(18 ـ ھۆججەت)

مەنكى ھۆججەت بەرگۈچى مۇتىۋەللى مۇھەممەد رەھىم ئاخۇندۇرمەن. شۇ توغرىدىن ھۆججەت بېرىمەنكى، سەلىم بەگنىڭ سەمەت يار ئاخۇننىڭ زېمىنىدىكى 32 ـ يىللىق ئىجارە ھەققى قالمىدى، دەپ قولۇمنى بېسىپ بەردىم.

(19 ـ ھۆججەت)

تارىختا بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئەللىك يەتتە. مىنگونىڭ يىگىرمە يەتتىنچى يىلى ئون بىرىنچى ئاي، مەنكى لاڭفۇ گوڭشاڭدىكى مەمەت باقى ھاجىنىڭ ئوغلى سەيدۇل ئاخۇندۇرمەن. ئىقرار قىلدىمكى تۆۋەنكى كارىزدىكى ھويلىدىن ماڭا تەگكەن ئىككى ئېغىز ئۆي، يېرىم ئارلىقنى ئارقىدىكى قوتان بىلەن قوشۇپ زېمىنلىق قىلىپ ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن ئاغام سېتى ئاخۇنغا ئاتمىش تۈمەن سەرگە ساتتىم. مەزكۇر پۇلنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئالدىم. ھەققىم قالمىدى. مەزكۇر زېمىننىڭ چېگرىسى:

شەرق تەرىپى: بىر قىسمى ياقۇپ ئاكامنىڭ جايى، بىر قىسمى مۇشتەرىنىڭ جايى فاسىلى تام.

شىمال تەرىپى: مۇشتەرىنىڭ سوقمىسى، غەرب تەرىپى، سوقما. جەنۇب تەرىپى، يول، بىر قىسمى قىزلارنىڭ ئۆيى. بۇندىن ئېتىبارەن بۇ سېتىلغان زېمىن توغرىسىدا مەن ياكى مېنىڭ ئەۋلادلىرىمدىن بىرەرى چىقىپ دەۋا ـ دەستۇر قىلسا ئىناۋەتسىزدۇر، دەپ خەت قىلىپ شەرىئەت مۆھرىنى باستۇرۇپ بەردىم. گۇۋاھچىلار: ئابدۇللا ھاجىم، ياقۇپ ئاكام، راھىل ئاخۇن، بارات ئاخۇن، ھاسان باي، ھەمدۇل ياقاڭ، مۇھەببەت قاھارلاردۇر.

(نەجىبە ئەمىن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇتقۇچى)

# زۇبدەتۇل ئەخبار (خەۋەرلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى)

ئەبۇ مۇھەممەت ھەسەن شېئىرى

پارسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: رەجەپ يۈسۈپ

كىتابى «زۇبدەتۇل ئەخبار»نىڭ يازغۇچىسى پاساھەتلىك، بالاغەتلىك، ئاتاغلىق ئالىم، دۇنيا خەلقىگە يېقىملىق قالدۇرغۇچى، جانابىي مەۋلانا ئەبۇ مۇھەممەد ھەسەن شېئىرى، دۇنياغا ئۆزىنىڭ پاساھەت ـ بالاغەتلىرىنى تارقاتقان، دۇنيا خەلقىگە كەۋسەر سۈيىدەك شېرىن مۇھەببەتلىرىنى ئورناتقان. بۇ كىشىنىڭ دادىسى خاجە سەدرىددىن مۇھەممەد كەشمىرنىڭ ئاتاغلىق كىشىلىرىدىن بولغان. ئەينى چاغدا شاھلارغا ياراملىق بولغىنى ئۈچۈن مائاشلىق قىلىپ بېكىتىلگەن. شۇ چاغدىكى كەشمىرلىك كىشىلەر مۇھەممەد ھەسەننىڭ قەبىلىسىنى «قەۋمى بىچ» دەپ ئاتايتتى، بۇ كەشمىر تىلىدا «تۈركلەر قەبىلىسى» دېگەن بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتىكى پادىشاھلاردىن ئىنايەتىللاخان، ۋەزىرى ئالەمگىر ھىدايەتۇللاخان، نەۋۋاب ئابدۇل ئەھەدخان، ئەبۇل بەرەكات خان، سەفدەر چەنگى ۋە مۇھتەشەم خان ۋە قازى ھەيدەرخان ۋە خاجە ئابدۇللا سەدارەتخان ۋە ئەمىر نىجابەت ئەلىخان. بۇ ھەممىسى مۇھەممەد ھەسەن شېئىرىنىڭ يۇرتداشلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ قەبىلىسى مۇھەممەد ئەلى بۇخارىغا يېتىشىدۇ. بۇلارنىڭ نەچچىنچى بوۋىلىرى تۈركىستاندىن كەلگەن. موغۇل خاندانلىقى دەۋرىدە سۇلتان زەيىنىل ئابىدىنىنى كەشمىرگە ئەمىر قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە كىشى بىرگە بېرىپ، كەشمىرنىڭ مەھەللەئى گۇجىۋار دېگەن جايىدا ئورۇنلىشىدۇ. سۇلتان زەيىنىل ئابىدىن ئەنە شۇ مەھەللەئى گۇجىۋار دەپىن قىلىنغان، ھازىرغىچە شۇقەبرە ۋە ئىمارەتلەر بار. مۇھەممەد ھەسەن شېئىرىنىڭ بەزى تارىخ رىسالىلىرىدە شۇنداق زىكرى قىلىدۇكى، بۇ كىشى ياشلىق ۋاقتىدا دادىسىدىن كىچىك قېلىپ، چوڭ ئانىسىنىڭ قولىدا ئۆسىدۇ. خاجە مۇھەممەد خەلىل قادىرى دېگەن كىشىنىڭ قولىدا ئوقۇپ تەربىيىلىنىدۇ. خاجە مۇھەممەد خەلىل قادىرى دېگەن كىشى ئەدەبىيات، تارىختا ئوخشاش نۇرغۇن ئىلىملەرنى دۇنياغا تارقاتقان. شۇ جۈملىدىن «گۈلزارى خەلىلى» دېگەن بىر كىتابى بار. بۇنى بىر كۆرۈپ باققاندا بالاغەتتە، پاساھەتتە قانچىلىك ئالىي دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. مۇھەممەد ھەسەن شېئىرى خاجە مۇھەممەد خەلىلىنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەنلىكى ئۈچۈن كىچىكىدىن تارتىپ شېئىر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ۋە پەننى، ئەخلاقىي

كىتابلارنى يېزىش بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا چوڭ ئانىسى ئەما بولۇپ قېلىپ، ئانىسىنىڭ قېشىدىن يىراققا بارالماستىن، «پادىشاھنامە» دېگەن بىر كىتابنى يېزىپ چىققىدۇ. بۇ كىتابتا ئىلگىرى ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ ئەھۋالى بەزىسى نەزمە بىلەن بەزىسى نەسرى بىلەن يېزىلغان. ئۇ كىتاب دۇنيا خەلقلىرى ئارىسىدا مەشھۇر. ئۇ يەنە «سەيرى بىلادى ھىندىستان» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب دۇنيا خەلقىگە بەكمۇ پايدىلىق بولۇپ، 50 مىڭ بېيىت بىلەن پۈتكۈزگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرا ياشلىق بولغان ۋاقتىدا بىرنەچچە تۈرلۈك كىتابلارنى — (باش قىسمى ئاسترونومىيىگە ئائىت) ئەدەپ ـ ئەخلاققا، پادىشاھلىققا ۋە پەن ـ تەتقىقاتلارغا ئائىت نەزمە ۋە نەسرى ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ يېزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن كىتابلىرى دۇنيا خەلقىنىڭ ئاپىرىن ۋە تەھسىن ئوقۇشىغا سەۋەب بولغان. ئۇ ئوتتۇرا ياش ۋاقتىدا تىجارەت ئۈچۈن ھىندىستان شەھەرلىرىگە مېڭىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرى بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ، ئاتاغلىق دانىشمەنلەر بىلەن ئولتۇرۇپ ـ قوپۇپ، دۇنيانىڭ نۇرغۇن تارىخلىرىنى ئۆگىنىۋالىدۇ. ھىندىستان ۋە ئەرەبىستان تارىخىدىن «سىۋادىل ئەزەم» دېگەن بىر تارىخي ئەسەرنى شېئىرىي ئىجاد قىلىپ، 1050 بېيىت بىلەن تۈگىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر تۈرلۈك شېئىر، قەسىدىلەر ۋە مەسنەۋىلەرنى، شېئىرىي مۇئەممالارنى تۈركىي تىلدا، ھەمدە ئىراننىڭ پەھلىۋى تىلىدا يازىدۇ. بۇ نەزمىلەر، مەسنىۋىلەر ئاشقازان كېسىلىگە مەجۇنى مۇپەررەھ پايدا قىلغاندەك، دۇنيا خەلقىنىڭ تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇنىڭدىن مەنپەئەت ئالىدۇ. ئۇ: «ئۇنىڭدىن باشقا گوشقا تۇز ياراشقاندەك ھەرقايسى كىتابلاردىن قىممەتلىك سۆزلەرنى قىممەتلىك تارىخلارنى ئۈزۈپ ئېلىپ مەسىلەن: ‹تۈركىستان تارىخى›، ‹ھىندىستان ـ خۇراسان تارىخى›، ئىنگلىزلارنىڭ ئىسلام دىندىكىلەرگە لايىق تارىخلىرى، ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان، ئىران قاتارلىق مەملىكەتلەرنىڭ قىممەتلىك تارىخي ھەدىيەلىرىنى سىلەرگە تۆھپە قىلدۇق. ئەمما شۇ يېرىدە كەمچىلىك باركى، بىر سۆزنى ئاخىرغىچە ئىزاھلاپ بېرەلمىدۇق. بۇنى ئوقۇغانلارنىڭ كەمچىلىكلىرىمىزگە ئەپۇ نەزەرى بىلەن قاراپ تۈزىتىپ كېتىشلىرىنى سورايمىز. ھەمدە ئەبجەد مەكتىپىدە ئوقۇمىغان نادان، نەپسى ئاۋارىچىلىقىدا قالغان كەمىنە ئەبۇ مۇھەممەد ھەسەن شېئىرىنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىپ قويۇشلىرىنى سورايمىز. بۇ تارىخنى كەڭرىتكەن «ئىخۋانۇسسەفا خوللانۇل ۋەفا» دېگەن بىر تارىخ بار. ئاشۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىنسا قالغىنىنى بىلگىلى بولىدۇ. پۈتۈن ئۆمرۈمنى شېئىر يېزىش بىلەن، ھەرقىسما قەسىدە غەزەللەرنى يازماقلىق بىلەن ئۆتكۈزدۈم. گاھى پادىشاھلارنى ماختاپ، گاھى ئۇمرالەرنى ھەجۋى قىلىپ ئۆمرۈم ئاخىرلاشتى. مىلادىنىڭ 1200ى، ھىجرىيىنىڭ 360 ـ يىلى ئەشۇرا ئېيىنىڭ 15 ـ دۈشەنبە كۈنى قۇلىقىمغا ئەلۋىدانىڭ ئاۋازى كەلدى. كەلىمە شاھادەتنى تىلىمغا جارى قىلدىم...» دەيدۇ.①

---

① مۇشۇ جۈملىلەردە مۇجمەللىك بار — مۇھەررىردىن.

ئەبۇ مۇھەممەت ھەسەن شېئىرى ھىجرىيىنىڭ 1282 ـ يىلى ۋاپات قىلغان. مۇھەممەت ھەسەن شېئىرى ئىران ـ تۇراننىڭ تارىخچىسى بولۇپ بۇ كىشىنىڭ «زۇبدەتۇل سەنائى» دېگەن بىر تارىخى بار. بۇ كىتابلارنى يېزىشتا ھەرقايسى كىتابلاردىن ئۆرنەك ئېلىپ مەبئۇت، شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە»سى، ھەبىبى سىيەر، ئىمىنى ئەھمەدى رازى، نىگارىستان تارىخ، شەيخى ئابدۇلھەق دەھلىۋىنىڭ ھىندىستان تارىخى، ئابدۇللا شىرازى، خاۋەندى شاھى، «رەۋزەتۇسسەفا»، «تارىخى رەشىدى» قاتارلىق كىتابلاردىن پايدىلانغان.

چىن مەملىكىتىنىڭ ئاب ـ ھاۋاسى ناھايىتى ياخشى. شۇڭا ئۇ يەردە تۈرلۈك مېۋىلەر پەيدا بولغان. چىن مەملىكىتىدە نۇرغۇن ئالتۇن، كۈمۈش كانلىرى بار. چىن مەملىكىتىنىڭ سىياسىي قانۇنىدا گۇناھكارلارنى زەنجىر بىلەن ئازاپلايدۇ.

چىن مەملىكىتىدىن ھەر خىل دورىلار چىقىدۇ. يەنە بىر خىل زەپەمۇ چىقىدۇ. چىن خەلقلىرىنىڭ سۈرەت سىزىش، نەققاشلىق ھۈنىرى، پۈتۈن دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

چىن مەملىكىتىگە ئەيسا (ئەيسا پەيغەمبەر)دىن ئىلگىرى (بىرنەچچە ئەسىر ئىلگىرى)، مانى نەققاش دېگەن ئادەم بۇددا دىنىنى ئېلىپ كېلىدۇ. مانى نەققاشنى، تىبەت خەلقى پەيغەمبەر دەپ ئاتايدۇ.

ئۇ بىرقانچىلىغان بۇددا دىنىدىكىلەرنىڭ كىتابىنى تارقاتقان. ئۇ كىتابلارنىڭ بەزىسى 5 ـ 6 گەز مىقدارى. ھەر تۈرلۈك رەقەملەرنى سالغان. بۇ كىتاب چىن مەملىكىتىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا تارقالغان بولۇپ، كىتابنىڭ ئېتىنى «ئەرجەڭ» دەپ ئاتىغان. بۇنىڭدىن يەنە بىرقانچە ئەسىر كېيىن، بۇددا دىنىنى «ساكيامۇنى» ئېلىپ كەلگەن. چىن خەلقى ئۇنى پەيغەمبەر دەپ ئاتىغان.

بۇ ساكيامۇنى ئۆزى بىراخمان بولسىمۇ كەشمىردە تۇغۇلغان. ئۇ بۇ يەردە ئۆسۈپ يېتىلىپ بېيجىنگە كەلگەن. بۇ ئۈچ جايغا دىن تارقاتقان (خىتايغا، ئۇيغۇرلاردىن خوتەنگە، تىبەتنىڭ لاساغا) بۇنىڭ تۈرلۈك كارامەتلىرى بولغان. خىتاي ۋە زاڭزۇ خەلقى بۇنى پەيغەمبەر دەپ ئاتىغان. بۇ بىر تۈرلۈك مەزھەپ چىقارغان، دۇنيادا ھېچقانداق ھايۋاناتنىڭ گۆشى هارام ئەمەس، يەنى، ئۇچارلىق، تىنارلىق، ئىت، مۈشۈك بولۇپ، ئادەمنىڭ گۆشىگىچە ھالال دېگەن. بۇددا دىنىدا ساكيامۇنىنىڭ نۇرغۇنلىغان كارامەتلىرىنى خەلققە تونۇشتۇرغان. چىن خەلقىنىڭ بىر تۈرى ناھايىتى ئەيشى ـ ئىشرەت، راھەت ـ پاراغەت بىلەن ياشايدۇ. يەنە بىر تۈرلۈكى ناھايىتى مۇشەققەتلىك ھايات كەچۈرىدۇ. ئاياللىرى، بەكمۇ خۇش سۈرەت. ئادەملىرى كۆپ ھاللاردا سەنئەتكە باي. دۇنيا بويىچە ئادەم بىلەن تولغان بىر دۆلەت.

چىن مەملىكىتىنىڭ قېشىدا موغۇل دەيدىغان بىر مەملىكەت بار. بۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدە پادشاھى بولسىمۇ چىن مەملىكىتىگە ئىتائەت قىلىدۇ.

ئەمما بۇ ئادەملەر چىن خەلقىگە قارىغاندا ئۆزى قامەتلىك، بېشى يوغان، يۈزى

كەڭ، كۆزى كىچىك كېلىدۇ. بۇلارنىڭ پايتەختىنى «ماچىن» دەپ ئاتايدۇ.
بۇلارنىڭ شەھىرىنىڭ قېشىدىن بىر دەريا ئېقىپ تۇرىدۇ ھەمدە يۇرت ئىچىدىن ھەر تۈرلۈك قىممەت باھالىق ماتالار (ماللار) چىقىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ يەردە ئىنسان ئۇچۇن كېرەكلىك بولغان خۇشبۇي ئەتىرلەر چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سۇنۇق كېسىلىنى داۋالايدىغان «موميا» ھەم شۇ يەردىن چىقىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلار مۇشۇ «موميا»نى چىن مەملىكىتىگە ئېلىپ كېلىپ ئالتۇن قىممىتىدە ئۆزئارا ئالماشتۇرغان. چىن مەملىكىتىدىن 5 خىل چاي چىقىدۇ. بۇ چايلارنىڭ خۇسۇسىيىتى: تاماقنى سىڭدۈرۈش، مەيدىگە قۇۋۋەت بېرىپ، ئاشقازاننى ياخشىلاش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا چىندىن يەنە قەھۋە چاي چىقىدۇ. بۇ ئادەم ئورگانىزمىنى كۈچلەندۈرۈش، پەيلەرگە قۇۋۋەت بېرىپ، قاننى زىيادە قىلىش كۈچىگە ئىگە. يەنە چىنە ــ قاچا، فار ــ فۇر بۇيۇملىرىمۇ ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. بۇندىن باشقا يەنە بۇ يەردىن ئەڭ ئېسىل قىممەت باھالىق تاشلار چىقىدۇ.
چىن مەملىكىتىدە، بۇرۇنىسىدا بىر تۈرلۈك غايىپ كۈچلەر بولۇپ، ئۇ ئاتنى قاماللىۋېلىپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى. ئۇنىڭغا قانداقلا بولمىسۇن بىرەر ئات، ياكى خېچىرنى ئۆلتۈرۈپ بەرمىسە، ئادەمنى ئەپچىقىپ كېتەر ئىدى. يەنە چىن مەملىكىتىدە بىر بۇلاق بار بولۇپ، كېسەل كىشى بۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچسە، ئەگەر ئۇ كىشىگە ئەجەل يەتمىگەن بولسا دەرھاللا ساقىيىدۇ. ئەجەل يەتكەن بولسا دەرھال ئۆلىدۇ.

## تۈركىستان

«تۈركىستان»؛ «تۈرك» مەملىكىتى دېگەن بولىدۇ. تۈرك خەلقى 1 ــ ئىقلىم بىلەن 7 ــ ئىقلىمدا ئورۇنلاشقان. كۆپىنچە دالىدا ياشاپ كەلگەن. بەزىلىرى دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان.
«تۈرك» خەلقى قەدىمدە كۆپ نوپۇسلۇق، بەكمۇ غەيرەتلىك، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان خەلق بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«تۈركلەرگە چېقىلماڭلار، تۈركلەر سىلەرگە چېقىلمىسا».
تۈرك خەلقى، ھۆزۈرى كەڭ، كۆزلىرى يوغان، كۆكسىلىك، غەيرەتلىك ۋە باتۇر خەلق بولغان.
بەزى تارىخلەردە شۇنداق يېزىلغان: «دۇنياغا ئىسلام دىنى تارقاتقاندا ھىندىستانغا قۇرئاننى ئەۋەتكەندە ھىندىستان خەلقى قۇرئاننى ئاستىغا قويۇپ ئولتۇرغان.
تۈرك خەلقىگە قۇرئاننى ئەۋەتكەندە تۈركلەر ئۇنى تەۋەررۈك بىلىپ بېشىدا كۆتۈرگەن.
شۇ چاغدا مۇنداق دەپ نەفەز قىلغان، «تۈركلەر ئەزىز مۇكەررەم بولغاي، ھىندىلار خار، بى مىقدار بولغاي».

شۇنىڭ ئۈچۈن تۈركلەر ئۆزۈن دەۋرلەرگىچە دۇنيانىڭ يېرىمىنى سوراپ كەلگەن.

«ھەبىبى سىيەر» دېگەن كىتابتا: نوھ پەيغەمبەرنىڭ كېمىسى شەرقتە توختىغاچ، نوھ پەيغەمبەرنىڭ 2 ـ ئوغلى ياپەس شەرققە ئورۇنلاشقان.

نوھ پەيغەمبەر ئالەمدىن كېتىدىغان ۋاقتىدا، بىر دانە تاشقا «ئىسمى ئەزەم» يېزىپ بەرگەن:«ئوغلۇم ياپەس، سەن قۇرغاقچىلىق دۇنياسىدا قالدىڭ، مۇنۇ تاشنى ھاۋاغا قا- رىتىپ ئىرغىتساڭ، دەرھال يامغۇر، قىش بولسا قار ياغىدۇ» دېگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن تۈركىي مىللەتلەر ئارىسىدا بۇ ئەمەللەر ناھايىتىمۇ مەشھۇر.

ياپەس ئەۋلادىدىن سەككىز ئوغۇل دۇنياغا كەلگەن. چوڭ ئوغلى خىرزە، تۈرك، سەقلاپ، رۇس، مۇنىچ، چىن، كۇمارى...

ياپەسنىڭ 2 ـ ئوغلى تۈرك، شەرق مەملىكەتلىرىنىڭ شىمالىي قىسىملىرىدا ئو- رۇنلىشىپ، ئۇزۇن زامان ھاكىمىيەت سۈرىدۇ.

تۈرك دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا سىلۇك (تۈركنىڭ چوڭ ئوغ- لى) پادىشاھلىقتا ئولتۇرىدۇ. بۇنىڭ زامانىدا ئەڭ دەسلەپ گۆشنى ئوتقا قاقلاپ پىشۇ- رۇپ يېيىشنى ئۆگىنىدۇ.

بىر كۈنى گۆش يەۋاتقاندا قولىدىكى گۆشى، شورلۇق يەرگە چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى ئېلىپ يېگەن چاغدا گۆش بەكمۇ تەملىك بولغانلىقىنى بايقايدۇ. شۇندىن ئېتىبارەن، تاماققا تۇز سېلىپ يېيىشنى ئادەت قىلغان.

ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن جۇۋا، تۇماق كىيىشنى پەيدا قىلغان ياپەسنىڭ 3 ـ ئوغ- لى پارس، كېيىنكى دەۋردە رۇس دىيارىنىڭ بىر تەرىپىدىكى تاجىكىستان ئەتراپىدا ئورۇنلاشقان.

يەنە بىر ئوغلى رۇس، بۇلار كۇمارى بىلەن ئورۇشۇپ يېڭىلىپ، يەتتە ئىقلىمنىڭ سوغۇق ھاۋالىق مۇز تاغلىرى ئەتراپىغا ئورۇنلىشىدۇ.

چىن دېگەن ئوغلى پۈتۈن چىن ئىقلىمىدا ماكان تۇتۇپ كۆپىيىدۇ، بۇلار زېھنىلىك بولغىنى ئۈچۈن سۈرەتكەرلىك، نەققاشچىلىق، توقۇمىچىلىق، پىلە بېقىپ يىپەك ۋە ئەۋرىشىم چىقىرىش، كىيىكتىن ئىپار ئېلىش قاتارلىق ئەڭ قىممەتلىك ھۈنەرلەرنى ئەۋلادلىرىغا ئۆگەتكەن.

چىن ھايات ۋاقتىدا ئوغلانلىرى ئۈچۈن «ماچىن» شەھىرىنى بىنا قىلىدۇ.

يەنە بىر ئوغلى كىمالنىڭ ئىككى ئوغلى بار بولۇپ، بىرىنى بولغار دەر ئىدى. بولغار بولغارىيە ئېلىدە كۆپىيىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر ئوغلى تاتار بىلەن موڭغۇل ئەسلى ئىككىسى بىر پىرقە ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ ئىككى قەبىلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاتتىق ئاداۋەت چۈشۈپ تۈزەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن.

يەنە بىرى غەردە بىننى ياپەس، بۇ تۈركنىڭ ئەڭ ئەۋۋەلقى نەسلى، بۇلارنى ئاتا تۈرك دەپ ئاتايتتى. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى چىن مەملىكىتىنىڭ قىشىدىن تارتىپ ئىرانغىچە ئىشغال ئەتكەن.

بۇلارنى ئىلگىرى «تۇران» دەپ ئاتىغان.

تۈركىستاننىڭ ئاجايىپ ئىشلىرىنىڭ بىرى — ھەر تۈرلۈك تېرىلغۇ بىلەن مەشغۇل بولۇش بولغان. جۈملىدىن قوغۇن دۇنيادىكى مەملىكەتلەر ئىچىدە ئەڭ بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. قوغۇننىڭ ئۆزى كاتتا، ھەم بەكمۇ شىرىن بولۇپ، ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا بۇ تۈركىستان دىيارىدا چىقىدىغان قوغۇن - تاۋۇزلارنى چىن مەملىكىتىگە، ھىندىستانلارغىچە ئېكسپورت قىلغان.

تۈركىستاندا بىر خىل قوي بولۇپ، ئۇنىڭ دۇمبىسىگە ئورۇنلاشقان ياغلىرى بولۇپ، بۇ قويدىن نەسىل ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئاسىيانىڭ نۇرغۇن ئەللىرىگە، ھەتتا ياۋروپاغىچە ئېلىپ بېرىلغان.

بۇ يەرنىڭ جاڭگاللىرىدا ياۋايى قوچقارلار بولۇپ، بۇلارنى سەييادلار ئوق بىلەن ئېتىپ تۇتىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ گۆشىنىڭ تەمى يەرلىك قوينىڭ گۆشىدىن تەمسىزرەك بولسىمۇ بۇنىڭدىن گۆش كۆپ ئېلىنىدۇ.

بىر زامانلاردا تۈركىستان پادشاھى ئاتا - بالا ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن كۆچۈپ، مەغرىپكە كېتىپ ئورۇنلاشقان. بۇ يەردە، ھاۋانىڭ بەكمۇ قۇرۇقلۇقىدىن قىينىلىپ، ھەرقاچان يامغۇر لازىم بولسا «يادا» تېشىنى ھاۋاغا قارىتىپ ئىرغىتسا دەرھال يامغۇر ۋە قار ياغقان.

مىسال: موغۇلىستان تارىخىدا، ھىجرىيىنىڭ 627 - يىلى ياشىغان ئوگۇتاي ئىبنى چىڭگىز بەكمۇ سېخى، قولى ئوچۇق ئادەم بولۇپ، ئۇ پۈتۈن خىتاي دۆلىتىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، ئىنىسى تولى خالىسنى ئېلىپ 100 مىڭ ئەسكەر بىلەن خىتايغا يۈرۈش قىلىدۇ.

شۇ ۋاقىتتا بىر قاراۋۇل كېلىپ:«خىتاي ئەسكىرى بىر مىليون ئىكەن. ئۇلار بىز بىلەن ئېلىشماقچى» دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئوگۇتاي بىلەن تولىخان ئىنتايىن ۋەھىمىگە چۈشىدۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە مەھمۇت يالۋاچ مەسلىھەت بېرىپ:«ئۇرۇش دېگەن ھىيلە بىلەن ئوخشايدۇ. بىزنىڭ قوشۇنىمىز ئېگىزدە، خىتاي قوشۇنلىرى تۆۋەندە. ئەسكەرلەرنىڭ بېشىغا چادىرا قىلىپ ئاتلارنى يېپىقلىق جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ يادا تېشىنى ھاۋاغا قارىتىپ ئىرغىتايلى» دەيدۇ. خان ئۇنىڭ مەسلىھىتىگە قوشۇلۇپ يادا تېشىنى ئىرغىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىردەمدىلا ھاۋا بۇزۇلۇپ، ئوتلار چاقناپ، بۇلۇتلار گۈركىرەشكە باشلاپ، ئۇزۇن ئۆتمەي يامغۇر قۇيۇۋېتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئېگىزدىن چۈشكەن يامغۇر سۇلىرى سەل بولۇپ، خىتاي قوشۇنلىرىنىڭ چادىر - بارگاھلىرىنى پاچاقلاپ تاشلايدۇ. خىتاي قوشۇنلىرىنىڭ جەڭ دۇمبىقى كاردىن چىقىدۇ. دەل شۇ پەيتتە تولىخان بىننى چىنگىز، دۈشمەننىڭ ئاجىزلاشقان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ ۋە موڭغۇل قوشۇنلىرى قىلىچ بىلەن، خىتاي لەشكەرلىرىنى ۋەيران قىلىپ، 200 مىڭ ئەسكەرنى ئەسىر ئالىدۇ. خىتاي پادىشاھلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كاتتا گۈلخان يېقىپ بالا - چاقىلىرى بىلەن بىللە ئۆزىنى ئوتقا تاشلاپ ئۆلىۋالىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن موڭغۇللار پۈتۈن خىتاينى بېسىۋالىدۇ.

تۈركىستانىنىڭ بىر چېتىدە پارىياپ دەيدىغان بىر ۋىلايەت بولۇپ، ئۇنىڭ بىر چېتىدىن يەنە بىر چېتىگىچە بىر كۈنلۈك كېلىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا كىچىك ئىككى شەھەر بولۇپ، بىرىنى چاچ (شاش)، بىرىنى ساغۇن دەيدۇ. بۇ ۋىلايەتتە ئىككىنچى ئۇستاز ئەبۇنەسىر مۇھەممەت بىننى مۇھەممەت تۈركى، ئىسمايىل بىننى ھۇمات، جەۋھەرى، ئىسھاق بىننى ئىبراھىم ساغۇنى، مۇشۇ تۈرك دىيارىدا ياشاپ ئۆسكەن.

تۈركىستانىنىڭ يەنە بىر ئاتاغلىق شەھىرى «جەندە». بۇ شەھەر ئىلگىرى بەكمۇ ئاتاقلىق شەھەر بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردە ئىزى ئۆچۈپ يوقالغان. شەيخ مۇئىددىن جەندى دېگەن كىشى شۇ شەھەردە ياشىغان.

بۈرۈن تۈركىستانىنىڭ پايتەختى كاشغەر بولغان. كاشغەر ئۆز زامانىسىدا بەكمۇ نازاپەتلىك، گۈزەل، ئاۋات بىر شەھەر ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ شىمالىي موغۇلىستان تاغلىرىغا تۇتىشار ئىدى. شۇ تاغدىن دەريا سۈيى جەنۇبقا ئېقىپ چاچ، تەرقان دىيارلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، قالماق زېمىنىدىكى كۆلگە قويۇلىدۇ.

غەربىي تەرىپىدە ئۇزۇن بىر تاغ بولۇپ، بۇ تاغ «ئەرگىنەقۇن» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ تاغدىن بىر دەريا ئېقىپ، غەربتىن شەرققە قاراپ ماڭىدۇ.

تامامى كاشغەر ۋىلايىتى ۋە خوتەنىنىڭ ئېتىكىدە بىر تاغ بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا چوڭ بىر جاڭگاللىق بار. بۇ جاڭگاللىق پەقەت قۇم بىلەن توشقان.

قەدىمدە بۇ باياۋاندا بىرمۇنچە شەھەرلەر بولغان. بۇنىڭدىن ئەڭ چوڭراقى توپ (؟)، يەنە بىرىنىڭ ئېتى گۇڭگا (؟)، قالغان بىرمۇنچە شەھەرلەر قۇمنىڭ ئاستىدا قالغان. گاھىدا قاتتىق بوران چىقسا، شۇ شەھەرنىڭ سېپىللىرىنىڭ كۈنگۈرلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ. بۇ باياۋاندا ياۋايى تۆگىلەر بار. سەييادلارنىڭ بىرنەچچىسى بىرلىشىپ ئۇنى ئېتىپ تۇتىدۇ.

شۇ ۋاقىتلاردا كاشغەر تۈركىستانىنىڭ پايتەختى بولغان. كاشغەرنىڭ غەربىدىكى تاغدىن بىر دەريا ئېقىپ كېلىدۇ. زىرائەتلەرنى سۇغىرىش، ئېچىش، تۈگمەن ماڭدۇرۇشتا خەلقلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ. بۇ دەريانىڭ ئېتىنى «تۈمەن» دەپ ئاتايدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ شەھەرمۇ خارابلىشىپ كەتكەن. مىرزائابابەكرى بۇ شەھەرنى قايتىدىن تۈزەپ ئىسلاھ قىلىدۇ.

ئاجايىپ ۋەقەلەردىن بىرى شۇكى، كاشغەر شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىدە بىر مازار بولۇپ، ئىسمىنى «ھۈسەيىن پەيزۇللا خاجە» دەيدۇ.

كاشغەر خەلقى بۇ مازارغا ئەڭ قاتتىق ئىشىنىدۇ. بۇ مازارنىڭ قەبرە ئۈستىدە بىر تۆشۈك بولۇپ، شۇ تۆشۈكتىن قارايدىغان بولسىڭىز، كاتتا بىر ئادەمنى كۆرىسىز، ئۇنىڭ تېرىسى، مويلىرى، ساقاللىرى بۇزۇلمىغان. مىرزا ھەيدەر كاشغەرى «تارىخى رەشىدى» دېگەن كىتابىدا «كاشغەر ئۆلىمالىرى ھەرقانداق مەسىلىنى تاپالماي قالسا، قەغەزگە يېزىپ ھۈسەيىن پەيزۇللا مازارلىقىدىكى تۆشۈككە سېلىپ قويسا، ئەتىسى

جاۋابى يېزىلىپ چىقاتتى» دەپ يازغان (؟).

يەنە تۈركىستان دىيارىدىكى ياركەند قەدىمكى زامانلاردا، ئەڭ بۇرۇنقى شەھەر بولغان بولسىمۇ، بۇ يەردىن بىر زامانلاردا خەزىنە چىقىپ، شۇنىڭ نەتىجىسىدە كۈندىن-كۈنگە خارابلىشىش يولىغا ماڭغان. موڭغۇللار ئۆز ئارا ئۇرۇشقانلىق سەۋەبىدىن كېيىنچە بۇ جاي، ھۇقۇش بىلەن مۈشۈك ياپىلاقنىڭ ئۇۋىسى بولۇپ قالغان. سا ۋە قاغىلارمۇ بۇ شەھەردە چاڭگا تىزغان.

مىرزائابابەكرى دېگەن ئادەم كېلىپ، بۇ يەرنىڭ ئاب، ھاۋاسىنى ياقتۇرۇپ، بۇ يەرگە كاتتا بىر شەھەر سېلىپ، ئۆزىنىڭ پايتەختىنى ياركەندكە يۆتكەپ ئېلىپ كەلگەن. ئاجايىپ ۋەقەلەردىن بىرى شۇكى: مىرزائابابەكرى زامانىسىدا ياركەند شەھىرىنىڭ تۆت ئەتراپىغا 12 مىڭ دانە باغ بىنا قىلىنغان. شەھەرگە قايتىدىن سېپىل سېلىپ، سېپىلنىڭ كەڭلىكى 6 گەز، ئېگىزلىكى 30 گەز قىلىپ ياسالغان. ئۆز زامانىسىدا يەكەن قەشقەردىن قالسا، تۈركىستان زېمىنىدا ئەڭ باي، گۈزەل جاي ئىدى.

ياركەند شەھىرىگە يېقىن بىر دەريا بولۇپ، بۇ دەريادا باش ئەتىيازدىن تومۇزغىچە سۇ ئازىيىپ، تومۇزدا سۇ بەكمۇ كۆپلەپ كېلىپ، سۇ ئۈستىدە بەزى تاشپاقىلارمۇ ئېقىپ كېلەتتى.

كاشغەر ئېلىنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ئادەم ئوڭاي كېسەل بولمايتتى. ئەمما ياركەندنىڭ ھاۋاسى ھۆل سوغۇق بولغاچ، ئۇزۇن زامانلارغىچە پۇقرالار زەخمەت چېكەتتى.

ياركەندتە 4 تۈرلۈك ئادەم ياشايتتى. بىرىنچىسىنى تۇمان دەپ ئاتايتتى. بۇ ئومۇم پۇقرادىن ئىبارەت. ئىككىنچىسىنى قوچىن دەيتتى. بۇلار مۇتلەق ئەسكەرلىك قىلار ئىدى. ئۈچىنچىسىنى ئايماق دەيتتى. بۇلار تىجارەت، دېھقانچىلىق قىلار ئىدى. تۆتىنچىسىنى ئەرباپ دەپ ئاتايتتى. بۇلار پەقەت شەرىئەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. ياركەندتىن تالىجوپ دېگەن جايغىچە ئۈچ مەنزىل يول بولۇپ، پۈتۈنلەي دەرەخلىق بىلەن ئورالغان. ياركەند بىلەن خوتەننىڭ ئارىسى ئون كۈنلۈك مەنزىل، ياركەند تىبەتكە قىرىق كۈنلۈك يول. ئوتتۇرىلىرىدا پەقەت ئاۋات جايلار يوق. ياركەند ئەسلى قەدىمكى شەھەر بولسىمۇ، بۇرۇندىن ئۇنىڭغا «ياركەند» دەپ ئات قويۇلمىغان.

«تارىخى موغۇلى»دا شۇنداق زىكرى قىلىنىدۇكى: ئىسكەندەر دەۋرىدە ياركەند ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، بىرىنى زەرەپشان، بىرىنى تىزناپ دەرياسى دەپ ئاتايتتى. بۇ يەردە شۇ زامانلاردا ئىككى شەھەر بولۇپ، بىرىنى «مورچ»، بىرىنى «تىزناپ» دەپ ئاتايتتى. يەنە بۇ يەردە قوچىن خەلقى بىلەن تاجىكلار ياشايتتى. ئىسكەندەر خىتايغا كىرگەندە، ئۇنىڭ بىرمۇنچە ئەسكەرلىرى كەشمىر داۋىنى بىلەن ئۆتۈپ، بۇ يەرگە كېلىپ قالىدۇ. تويۇقسىز قوچىن خەلقى بىلەن تاجىكلار چىقىپ، ئۇ ئەسكەرلەرنى قىرىۋېتىدۇ.

كېيىن ئىسكەندەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، بۇ جايغا كېلىپ بۇلارنى تاپالماي قايتىپ

كېتىدۇ.

ھىجرىيىنىڭ 627 ـ يىلى ئۆگۆتاي قائان ئىبنى چىڭگىز يەركەندنى مۇسەخخەر قىلىپ، جىمكىم بىنىنى ھىلاگۇنى شۇ شەھەرگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەر جىمكىمنىڭ نامىغا ئاتىلىپ «جىم كەنت» دەپ نام ئالغان. قوداي قائاننىڭ زامانىسىدا ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇش بولۇپ جىمكىم بىنىنى ھىلاگۇ زەرەپشان دەرياسىنىڭ بويىدا ئۆلتۈرۈلىدۇ. قوداي قائان، شۇ شەھەرنى ئۈچ كۈن قەتلىئام قىلغاچقا، مۇرچ، تىزناپ بويىلىرىدىكى قوچىن بىلەن تاجىكلار ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇزۇن زامانغىچە مۇشۇ ۋەيرانچىلىقتا تۇرۇپ، ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئوغلى ئەمىر مىرزا ئۆمەر شەيخىنىڭ ۋاقتىدا بۇ شەھەر قايتا ئىسلاھ قىلىنغان. كېيىن تاتارلارنىڭ خىتايلار بىلەن بولغان ئۇرۇشىدا، يەنە ۋەيران بولۇپ چوڭ بىر چۆللۈككە ئايلىنىدۇ.

كېيىن مىرزا ھەيدەر كاشغەرىنىڭ دەۋرىدە مىرزا ئابابەكرى دېگەن ئادەم بۇ شەھەرنى ئەسلى ئورنىدىن يۆتكەپ، بىر شەھەر بىنا قىلىپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى «ياركەند» دەپ ئاتىغان. لۇغەتتە «كند» دېگەن «ئىتتىپاقلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «يار» دېگەن «دوستلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئومۇمەن «دوستلار ئىتتىپاقلاشقان شەھەر» دېگەن مەنىدە.

## ئاپتورلار سەمىگە:


ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر ماقالىسىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىشى كېرەك. ئەسەر ئىشلىتىلمەي قالسا قايتۇرۇلمايدۇ.

«بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر ئىشخانىسى

| 2006 ـ يىللىق 5 ـ سانغا تۈزىتىش | | | | |
|---|---|---|---|---|
| بەت | يۇقىرىدىن | تۆۋەندىن | بېسىلغىنى | توغرىسى |
| 62 ـ | 4 ـ قۇر | — | ھىجرىيىنىڭ 489 ـ (مىلادىيە 1097 ـ) يىلى | ھىجرىيىنىڭ 387 ـ (مىلادىيىنىڭ 997 ـ) يىلى |
| 68 ـ | — | 6 ـ قۇر | مۇسا بۇغرا | ھىجرىيىنىڭ 387 ـ (مىلادىيىنىڭ 997 ـ) يىلى |



# خەمسە تەلقىنلىرى



توختاسىن جالالوۋ

## فەرھاد ۋە شىرىن

مەنگە نە يارۇ نە ئاشىق ھەۋەسىدۇر،
ئەگەر مەن ئادەم ئولسام ئۇشبۇ بەسدۇر.

«فەرھاد ۋە شىرىن»، «خەمسە»نى تەشكىل قىلغان داستانلارنىڭ ئىككىنچىسى بو-لۇپ، نەۋائىينىڭ ئەڭ كۆپ شۆھرىتىگە سەۋەب بولغان مەشھۇر ئەسەردۇر. بۇ ئەسەرنىڭ ئىجابىي قەھرىمانلىرى نەۋائىي زامانىسى ئۈچۈن ئىدېئال ئوبرازلار ئىدى، ئەمما سەل-بىي قەھرىمانلىرى ھەربىر قەدەمدە ئۇچرايتتى، يەئنى نەۋائىي بۇ ئاجايىپ داستانىنى ئۇ زاماننىڭ شاھلىرى ۋە شاھزادىلىرى ئۈچۈن بىر ئەمەل دەستۇرى (ھەرىكەت قوللان-مىسى) سۈپىتىدە تەقدىم قىلغانىدى. مەلىكە ماھىنبانۇ بىلەن شاھزادە فەرھادنىڭ ئىش ئۇسلۇبى ھۈسەيىن بايقارا بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ھەم ۋەلىئەھدى بەدىئۇززەمانلارغا ئوخ-شاشلارغا نەمۇنە قىلىپ بېرىلگەن.

«فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىدا ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيىلەرنى ياخشىراق چۈشىنىش ئۈچۈن نەۋائىي ياشىغان تارىخىي دەۋرگە نەزەر سېلىپ ئۆتەيلى. جاھانگىر ئەمىر تېمۇر-نىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ پايانسىز مەملىكىتىدە زور سىياسىي قالايمىقانچىلىقلار يۈز بېرىدۇ. ئەمىر تېمۇر ئەۋلادلىرى (تېمۇرىلەر) 75 – 80 يىللار داۋامىدا ئۆزئارا تەخت تالىشىپ ئۇرۇشىدۇ. ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلغان بۇ ئىچكى ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە خەلق ئىگىلىكى ۋەيران بولىدۇ. سابىق تېمۇر ئىمپېرىيەسىگە قاراشلىق ئوتتۇرا ئا-سىيا، زاكاۋكازىيە، ھىندىستان، ئەرەبىستان، ئافغانىستان ۋە ئىراندا خەلق ئىگىلىكى ئېغىر چۈشكۈنلۈككە يۈز تۇتىدۇ. شاھلارنىڭ كەيپ ـ ساپاسى ئۈچۈن سېلىنىۋاتقان قاتمۇقات سېلىقلار كەمبەغەل دېھقان ۋە ھۈنەرۋەن كەسىپ ئاممىسىنىڭ خانىۋەيران بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ، خەلق قاشىشاقلىشىدۇ. خەلقنىڭ ئۇ دەۋردىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى چۈشىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى پاكىت ناھايىتى خاراكتېرلىكدۇر. مەسىلەن:

مەشھۇر مىرزا بابۇر بوۋىسىنىڭ پايتەختى سەمەرقەندنى ئۇرۇشۇپ ئالغاندا، ئۆز ئەس-كەرلىرىنى تەمىنلەش ئۈچۈن تاماق تاپالماي شەھەرنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

نەۋائى ئەنە شۇ تېمۇر سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادشاھى ھۈسەين بايقارا زامانىدا ئۇنىڭغا ۋەزىر بولۇپ ياشىدى. بۇ ۋاقىتلار تېمۇر سۇلالىسىنىڭ يوقىلىشىغا يۈز تۇتقان دەۋرى بولۇپ، تېمۇرىلەر تولۇق مەئناسى (مەنىسى) بىلەن رىزالەتكە يۈز تۇتقانىدى. ھەممىشە بالا - ئاتىغا، ئاتا - بالىغا قارشى تىنىمسىز دۈشمەنلىشىپ، بىر - بىرلىرىگە تىغ تارتىدۇ. مەشھۇر ئالىم ئۇلۇغبەگنىڭ رەزىل ئوغلى ئابدۇللەتىف تەرىپىدىن ئۆل-تۈرۈلۈشى بۇنى ئۈچۇق ئىسپات قىلىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ھۈسەين بايقارانىڭ ئوغ-لى بەدىئۇززەمان ئاتىسىغا قارشى بىرنەچچە قېتىم ئىسيان كۆتۈرۈپ، تەخت دەۋاسى قىلىدۇ. ئەگەر، ئوتتۇرىدا نەۋائىنىڭ زور ئابرۇيى ۋە ھېكمەتلىك نەسىھەتلىرى بولمى-غاندا، ھۈسەين بايقارانىڭ تەقدىرىمۇ ئۇلۇغبەگنىڭ تەقدىرىدىن باشقىچە بولۇشى مۇم-كىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدەك ھۈسەيىننىڭ جىيەنى مۇھەممەد يادىگار، تاغىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، پايتەختى - ھىراتنى بېسىۋالغان ۋاقىتتىمۇ نەۋائىنىڭ چەكسىز ئابرۇيى ۋە تەدبىرى بۇ دۆلەتنى ساقلاپ قالدى. نەۋائىنىڭ بۇنداق ماجىرا، جاڭجاللىق ھەرىكەتلەرگە قارشى چىقىپ، ئۇلارنى باستۇرۇشى، ئۇنىڭ ھۈسەين بايقاراغا يان باس-قانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئېزىلگەن خەلققە بولغان شەپقەت نەتىجىسىدۇر. چۈنكى، بۇ ئۇرۇش - تالاشلارنىڭ پۈتۈن ئېغىرلىقى خەلقنىڭ يەلكىسىگە چۈشىدىغانلىقىنى نەۋائى ئوبدان بىلەتتى.

قىسقىسى، تېمۇرىلەر ئارىسىدا شەپقەت، مەرھەمەت، ئاتا - ئانا، ئاغا - ئىنىگە نىسبەتەن ھۆرمەت ۋە سەمىمىيەتكە ئوخشاش كىشىلىك پەزىلەتلىرى تۈگەپ، ئۇلار «مەدەنىي» ۋەھشىيلەر دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالغانىدى.

نەۋائى ئەنە شۇ ئېچىنىشلىق دەۋردە ياشىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى بىلەن بۇ رەزىللىكلەرنى كۆزىتەتتى ۋە مۇھاكىمە قىلاتتى. نەۋائى ئۆزىنىڭ «خەم-سە»سىدە «خەلققە ئادىلدارچىلىق قىلىش مېنىڭ زىممەمگە چۈشتى» دەپ، ئۆزىنىڭ ئۇ جەمئىيەتتىكى مەۋقەيىنى ناھايىتى توغرا ئىپادە قىلىدۇ. خەلقنىڭ ئۇلۇغ تەربىيىچ-سى نەۋائى بۇ خەلقنىڭ سەركەردىلىرىنى تەربىيىلەپ يېڭى ئادەم قىلماقچى بولدى. مانا شۇ ئۇلۇغ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن نەۋائى ئۆزىنىڭ سىياسىي ۋە ئەدەبىي پائا-لىيىتىدىن كەڭ رەۋىشتە پايدىلاندى.

نەۋائى ھۈسەين بايقاراغا يازغان خەتلىرىدە، مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ شۇ زامان ئۈچۈن ئاجايىپ ۋە دېموكراتىك ئۇسۇللىرىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. مەزلۇملارنىڭ ئەرز - دادىغا يېتىش، زالىملارنى ئىش بېشىدىن ھەيدەش، مەكتەپلەر ئېچىش، مەمل-كەت ئىقتىسادىنى تىكلەش ئۈچۈن سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، پارىخورلارغا قات-تىق جازا بېرىش، پىتنە - پاساتلارغا قۇلاق سالماسلىق، پاھىشەخانا، قىمارخانا، مەيخا-نىلارنى يېپىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تۆۋەندە نەۋائىنىڭ شۇ خەتلىرىدىن بەزى نەمۇنىلەرنى

كۆرۈپ باقايلۇق:

«ئەتىگەندە ھەرەمدىن[1] چىققاچ، دىۋاندا[2] ئولتۇرۇپ، دادخاھ[3] سورۇلسە، داغى دادخاھ سورەردە ئۆزلۈك[4] بىلەن مەشغۇللۇق قىلىنسە، ئەگەر مەزلۇمغا بىرەرسىدىن زۇلۇم يەتكەن بولسا، زالىملارغا مۇجىبى ئىنتىباھ[5] بولسە».

«ئەتراف — جەۋانىبدىن (تەرەپلەر، تامانلار) داغى ئەلنىڭ ئەرز داشتى كەلسە، بات ئۆزانور ئەلنى كۆپ توختاتىلمىسە، ھەرقايسىسىگە ئۆز ھالىگە كۆرە ئىلتىپات قىلىنسا».

«يەنە ئولكىم، مەجلىس قۇرۇپ چاغىر[6] ئىچەرگە كوپ ھەرىس كۆرسەتىلمىسە».

«ئوۋ ۋە قۇشكە مەشغۇللىق قىلماق كۆپ بولمىسا».

«دىۋان بەگلەرگە ھۆكم قىلىنسەكىم، ھەر كۈن دىۋاندا ئوترۇپ، مۇسۇلمانلار ئىشنى بىتىرسەلەر. بوگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويمەسەلەر».

«شەھەرنى ئىدارە قىلىش ئىشىگە ياخشى ئېتىبار قىلىنسە. ئانداغكىم، شارابخانا، بەيتۇل لۇتۇف[7] قىمارخانا بولارگە ئوخشار نامەشرۇ[8]! ئىشلارنى مەنئى قىلىنسە».

نەۋائى مەملىكەتنى ئاۋات قىلىش، مەدەنىيەت ۋە خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ساھەسىدە ناھايىتى كۆپ ئىشلارنى قىلدى. مەشھۇر ۋېنگرىيە ئالىمى ھىرمان ۋامبېرى ئۆزىنىڭ «بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە نەۋائىنىڭ شۇ پائالىيەتلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«تارىخچى سەمەد مىرزانىڭ رىۋايىتىدىن قارىغاندا، ئەلشىر يالغۇز خوراساندا مەدرىسە، كارۋانساراي، كۆۋرۈك، مەسجىد، كېسەلخانا، قىرائەتخانا قاتارلىق 370 ئىمارەت بىنا قىلىشقا ئەمىر قىلغان» (2 ـ توم، 44 ـ بەت)

شۇنداق قىلىپ، نەۋائىنىڭ سىياسىي پائالىيىتى ئۇنىڭ ئەدەبىي پائالىيىتى بىلەن قاتتىق باغلانغان. يۇقىرىدا كەلتۈرگەن پاكىتلىرىمىز نەۋائى ئىجادىيىتىدە ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيىلەرنى ھاياتقا تەتبىق قىلىشقا ئورۇنۇشتىن ئىبارەتتۇر. بىراق، نەۋائى ئىدىئاللىرىنى كەڭ كۆلەمدە تۇرمۇشقا تەتبىق قىلىش ئۈچۈن ئۇ زامانىنىڭ مۇھىتى يول قويماس ئىدى.

«فەرھاد ۋە شىرىن» داستانى ئەنە شۇنداق تارىخىي دەۋردە، تەربىيىۋى مەقسەتنى

---

① ھەرەم — ھەرەمخانا — ھويلىنىڭ ئاياللار ئۈچۈن ئاجرىتىلغان مەخسۇس ئۆيى.
② دىۋان — ئىدارە.
③ دادخاھ — ئەرز سوراش، ئەرزلەرنى تەكشۈرۈش.
④ ئەرزنى پادشاھ ئۆزى سورىسۇن، ئۆزى بىر تەرەپ قىلسۇن.
⑤ ئىنتىباھ — زالىملارغا قاتتىق جازا بېرىلسە.
⑥ چەغىر — ئىچكىلىك، ئىچىملىك.
⑦ بەيتۇللۇتۇف — پاھىشەخانا.
⑧ نامەشرۇ — يامان.

كۆزدە تۇتۇپ يېزىلغان بىر ئەسەردۇر.
نەۋائىينىڭ بۇ ئەسىرى («خەمسە»دىكى باشقا ئەسەرلىرى ھەم) شەرق داستانچىلىقى
ئۈچۈن ئەنئەنە بولۇپ قالغان، مەسنەۋى ئۇسۇلىدا، ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان. «فەرھاد ۋە
شىرىن» داستانى ئون بىر مىڭ بەش يۈز ئاتمىش تۆت (11564) مىسرادىن ئىبارەتتۇر.
نەۋائى، ئەزەربەيجان ۋە ئىران شائىرلىرى تەرىپىدىن بىرنەچچە قېتىم قەلەمگە
ئېلىنغان ئەنە شۇ شەرق ئەپسانىسىنى ئىشلەشكە باشلىغىنىدا بۇ ۋاستە بىلەن ئۆزد-
نىڭ ئىدىئاللىرىنى نامايىش قىلىش ئىمكانىيىتى بار - يوقلۇقى ھەققىدە كۆپ باش
قاتۇردۇ. چۈنكى، نەۋائى شېئىردا ئورىگىناللىقنى ھەر نەرسىدىن ئۈستۈن سانايتتى:

ئەنى نەزىم ئەتكى، تەرھى تازا بولغاي[1].
ئۇلۇسگە مەيلى بىئەندازە[2] بولغاي.

نەۋائىينىڭ جىددىي ئىلمىي تەكشۈرۈشلىرى بۇ ئەفسانىدىن باشقىچە بولغان يەر-
لىرىنى تەشۋىق قىلىش مۇمكىنلىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

تاپىلدى ئانچە سۆزكىم كامىم[3] ئېردى،
قۇيۇلدى ئانچە مەيكىم جامىم ئېردى.

بۇ دۇرلەر چۈنكى مەنزۇم بولغۇسىدۇر.
قۇلاق سالغانغا مەئلۇم بولغۇسىدۇر.

دەرھەقىقەت، نىزامى ۋە خىسراۋلار بۇ سۇژىتقا تامامەن باشقا جەھەتتىن يانداشقان
ۋە ئۇنى باشقىچە تەسۋىر قىلغان ئىدى. نەۋائى بولسا، بۇ سۇژىتىغا باشقا مەئنا بېغىش-
لىماقچى، ئۇنىڭغا يېڭى «دۇرلار» قوشماقچى بولدى. نەۋائى تەرىپىدىن قوشۇلماقچى
بولغان بۇ «دۇرلار»نىڭ نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش ئۈچۈن نىزامى
داستانىغا نەزەر سېلىپ ئۆتىمىز.
نىزامىنىڭ بۇ سۇژىتتىكى ئەسىرى «فەرھاد ۋە شىرىن» ئەمەس «خىسراۋ ۋە شى-
رىن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ داستانىنىڭ ئاساسىي ۋە ئىجابىي قەھرىمانى ئىران پادىشاھى
خىسراۋدۇر. فەرھاد، شىرىن، فەرھادنىڭ سادىق دوستى شاپۇر بولسا، ئەھمىيەتسىز
كىشىلەر سۈپىتىدە تەسۋىر قىلىنىدۇ. نەۋائىدا بولسا، بۇنىڭ ئەكسى. نەۋائىينىڭ
داستانىدا مەركىزىي ئىدىيە ۋە مەركىزىي ئوبرازلار فەرھاد، شىرىن، شاپۇر ۋە
بەھراملار بولۇپ، بۇلار نەۋائىينىڭ ئالىيجاناب ئىدىيىلىرىنى تارقاتقۇچىلاردۇر. شۇنىڭ
ئۈچۈن ناۋائىينىڭ پۈتۈن دىققەت، ئېتىبارى شۇلارغا قارىتىلغان. نىزامىنىڭ سۆيۈم-

① تازا — يېڭى.
② بىئەندازە — ئەندىزىسىز، قېلىپسىز.
③ كام — مەقسەت، مۇراد.

لمۇك قەھرىمانى خىسراۋ بولسا نەۋائىينىڭ چەكسىز قەھرى ـ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ. نەۋائىي خىسراۋنى ئىنسان قىياپىتىدە يارىتىلغان يىرتقۇچ سۈپىتىدە ئۆز ئوقۇغۇچىسىغا تەقدىم قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئاشىقلىق دەۋاسىدا بولغىنى ئۈچۈن مازاق قىلىدۇ.

ئوبرازلارغا بولغان شۇ ئىككى خىل مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزىلا بۇ ئۇلۇغ يازغۇچىلارنىڭ ئارىسىدىكى زور پەرقنى ئېچىپ بېرىدۇ.

«فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىدا پۈتۈن ۋاقىئە ۋە ھادىسىلەر ئىككى ياشنىڭ ئوتلۇق ساپ سۆيگۈسى ئاساسىدا بېرىلىدۇ. قەھرىمانلارنىڭ باشقا خىسلەتلىرى بولسا، ھەقىقىي ئاشىقنىڭ تەبىئىي پەزىلىتى سۈپىتىدە بايان قىلىنىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ نەۋائىي ئۆزىنىڭ بۇ ئاجايىپ داستانى بىلەن مۇھەببەت كىتابىغا يېڭى ۋە ھېكمەتلىك سەھىپىلەر قوشتى.

«فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىدا بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى قويۇلغان ئىككى نەسلىنى كۆرىمىز. بىر تەرەپتە فەرھاد، شىرىن، شاپۇر ۋە بەھرام، ئىككىنچى تەرەپتە خىسراۋ، شىرۇيە ۋە «ياسۇمەن».①

فەرھاد — بۇ پۈتۈن ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن ئالىيجاناب ئادەمنىڭ ئوبرازىدۇر. فەرھادتەك بىر ئادەمنى كىشىلىك جەمئىيەت ئۇزاق زاماندىن بېرى ئارزۇ قىلاتتى. نىھايەت، بۇ ئىدىئال ئادەم نەۋائىينىڭ خىيال گۈلشىنىدە ئۈسۈپ ۋايىغا يەتتى. ئەگەر دىققەت قىلىنسا، فەرھادتا جاھان ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ ياخشى قەھرىمانلارنىڭ ھەممە پەزىلەتلىرى مەركەزلەشتۈرۈلگىنى كۆرۈنىدۇ. فەرھاد — ئالىم ۋە مۇتەپەككۇردۇر.

جاھاندا قالمىدى ئول يەتمەگەن ئىلم،
بىلىب تەھقىقىنى كەسب ئەتمەگەن ئىلم.

دېدى: ھەر ئىشكى قىلمىش ئادەمىزاد،
تەفەككۇر بىرلە بولمىش ئادەمىزاد.

فەرھاد — پەۋقۇلئاددە جىسمانىي كۈچكە ئىگە بولغان قەھرىمان، ھەم ۋەتەنپەرۋەر ئوبرازدۇر. فەرھاد شاھلىقنى «تۇپراق بىلەن تەڭ» كۆرۈپ، پۈتۈن ھاياتىنى بىلىمگە، مەرىپەتكە ۋە سەنئەتكە بېغىشلايدۇ. بىلىم ئۇنىڭ قۇۋۋىتىگە قۇۋۋەت قوشتى، ئۇ ئىلىمدىن كۈچ ئېلىپ، قاتتىق تاشلارنى مۇمدەك كەستى. ھايات تىلسىملىرىنى ئاچاي دەپ، ئەڭ خەتەرلىك يوللارغا قەدەم قويىدى. جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشىگە توسقۇن بولغان قارا كۈچلەرنى: ئاغزىدىن ئوت چاچقۇچى ئەجدىھانى، ئەھرىمەن ناملىق مۇدھىش دىۋىنى ئۆلتۈردى. تۆمۈر «ئادەملەرنى» كۇرەشتە يېڭىپ، تىلسىملەرنى ئاچتى. يېڭى ئىل-

---

① «خەمسە»دە بىر ئەمەس، ئىككى مەككار كەمپىر زىكىر قىلىنىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئىسمى يوق بولۇپ، ھېچبىرى ياسۇمەن دەپ ئاتالمايدۇ.

مىنى مۆجىزىلەر ياراتتى. يالغۇز ئۆزى يۈزلەپ دېگىز قاراقچىلىرىنى يېڭىپ، ئۆلۈم كۈتكەن كىشىلەرگە يېڭى ھايات بېغىشلىدى. مەشۇقىنىڭ ۋەتىنىگە ھۇجۇم قىلغان خىسراۋ ئەسكەرلىرىنىڭ بېشىغا بالا تېشىنى ياغدۇردى.

فەرھاد ئۆزىنىڭ بۇ پەۋقۇلئاددە ئىشلىرىغا ئاجايىپ بىر يەكۈن چىقىرىدۇ. ئۇ، مەن شۇنداق ئىشلارنى قىلدىمكى، ئادەم بالىسى يارىتىلغاندىن بېرى ئۇنداق ئىشنى قىلىپ باقمىغانىدى، دەپ توغرا ئېيتىدۇ:

بىرى يۇنانغا مەركەب① سۈرگەنىمنى،
قىلىپ رەزم② ئەژدىھا ئۆلتۈرگەنىمنى،

ئىككىنچى ـ ئەھرىمەنگە ئەيلەبان كىن،
جاھاننى قىلغانىم قان بىرلە رەڭگىن،

ئۈچۈنچ ـــ ئىسكەندەرى رۇمىي تىلسىمىن،
كى ئاچدىم تەڭ قىلىپ يەر بىرلە قىسمىن،

بولۇب تۆرتىنچى ـــ سۈرقاتگە رەقەمكەش③،
كى غارى ئىچرە كىردىم ئەژدىھاۋەش④،

كى تا ئالەم بىناسى بولدى بۇنياد،
بۇ يەڭلىغ قىلمادى ئىش ئادەمىزاد.

فەرھاد ـــ دانىشمەن ۋە مەملىكەتنىڭ ئاۋاتچىلىقى ئۈچۈن كۆرەشكۈچى ئۇلۇغ ئىنژېنېردۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىم ۋە ھۈنىرىنى جەمئىيەتكە بېغىشلىدى:

كى ۋەيرانەلىكلەردە يۈز گۆھەردۇر،
ئەگەر مەدەت قىلسام ۋاقىئە⑤ ھۈنەردۇر،

ھۈنەرنى ئاسرابان نېتكۈمدۇر ئاخىر؟
ئالىب تۇپراققىمۇ كەتكۈمدۇر ئاخىر؟

فەرھاد ئىنسانپەرۋەر ـــ گۇمانىست ۋە ئىنتېرناتسىئونالىست ئوبرازىدۇر. فەرھاتىكى گۇمانىزم ۋە ئىنتېرناتسىئونالىزم ئۇنىڭ ئەرمەن قىزىغا بولغان يالقۇنلۇق

---

① مەركەب ـــ ئات.
② رەزم ـــ ئۇرۇش.
③ رەقەمكەش ـــ يازغۇچى، كاتىب، بۇ يەردە سۈرات پىكىرلىرىنى ئىشتىگىنىمنى مەنىسىدە.
④ ئەژدىھاۋەش ـــ ئەژدەرھادەك.
⑤ ۋاقىئە ھۈنەردۇر ـــ مەدەت قىلسام قولۇمدىن كېلىدۇ دېگەن مەنىدە.

سۆيگۈسىدە، باشقا ئىرق ۋە مىللەتكە مەنسۇپ شاپۇرغا بولغان سەمىمىي دوستلۇقىدا، ھەممە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بولغان شەپقەت ۋە مەرھەمىتىدە كۆرۈنىدۇ. ئۆزىنىڭ باي بىلىم ۋە ھۈنىرىنى تۇپراققا ئېلىپ كەتكۈسى كەلمەي، جەمئىيەتكە قالدۇرۇپ كېتىشكە ئالدىرىشىمۇ فەرھادنىڭ كىشىلىك جەمئىيەتكە بولغان مۇھەببىتىنى كۆرسىتىدۇ!

فەرھاد تاج - تەختىنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئىلىم، سەنئەت ۋە ھۈنەرنى شاھلىقتىن ئەلا ھېسابلىغۇچى كەمتەر بىر يىگىتتۇر.

بولۇپ شاھلار ئىشىگىنىڭ گەدايى،
ۋە لېكىن ئول گەدالەر خاكپايى.
.............
كۆڭۈل ئەيلەپسەن ئول شاھلىق بىلە كەڭ،
مەنىڭ ئالىمدە ئول تۇپراق بىلە تەڭ.

فەرھاد — ھەممىدىن بەكرەك ھەقىقىي ئاشىق ئوبرازىكى، نەۋائى ئۇنىڭدىكى باشقا سۈپەتلەرنى ئەنە شۇ ئاشىقلىقنىڭ سەمەرەسىدەك (مېۋىسى) تەھلىل قىلىدۇ.

نەۋائى بۇ مۇكەممەل شەخسنى ئۆزىگە زاماندىش بولغان شاھزادىلەر ئۈچۈن ئىبرەت تەرىقىسىدە يۇقىرى كۆتۈردى ۋە ئۇلارغا قارشى قويدى.

شىرىن — ئۆزىنىڭ فەزلى كامالى ۋە دۇنيانى چۈشىنىشى جەھەتتىن فەرھادتىن قىلچە كەم بولمىغان بىر ئالىيجاناب قىز. مەلىكە ماھىنبانۇ دۆلىتىنى ئىدارە قىلىشىدا جىيەنى شىرىننىڭ ئاقىلانە مەسلىھەتلىرىنى بىر قانۇن سانايدۇ. ماھىنبانۇنىڭ مەملىكەت ئاۋاتچىلىقى ئۈچۈن ئېرىقلار، قاناللار قازدۇرۇشى — شىرىننىڭ دانا مەسلىھەتلىرى نەتىجىسىدۇر. شىرىن ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى چەكسىز ئەقىل - پاراسىتى، دانىشمەنلىكى بىلەن ماھىنبانۇ سارىيىغا مەنىۋى كۈچ بېغىشلايدۇ.

بولۇپمۇ شىرىن قاتتىق ئىرادىلىك، جەسۇر قىز سۈپىتىدە سۆيۈملۈكتۇر. ئۇنىڭ بېشىدا ئەجەل قىلىچلىرى يالتىرىغاندىمۇ تەسلىم بولمايدۇ، بۇ جەھەتتىن قارىغاندا، شىرىن تىز پۈكۈپ ياشىغاندىن كۆرە تىك تۇرۇپ ئۆلۈش ئەۋزەل، دەيدىغان ئەسىرىمىزنىڭ قىزلىرىغا ئوخشايدۇ.

فەرھاد بىلەن شىرىن بىر - بىرلىرىنى ئەڭ ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن سۆيىدۇ. شىرىن فەرھادنى يالغۇز گۈزەل شاھزادە بولغىنى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ يېگانە ئالىمى، ھەر ئىشقا قادىر، ھۈنەرلەرنى ئىگىلىگەن ۋە كامالەتتە تەڭداشسىز بولغانلىقى ئۈچۈن سۆيىدۇ. يەنى بۇلارنىڭ سۆيگۈسى چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە. بۇنداق پاك ۋە سەمىمىي سۆيگۈ، سۆيگۈچىنىڭ مەنىۋىياتىنى (مەنىۋىلىكىنى)، سۆيۈلگۈچىنىڭ شەرىپىنى كۆتۈرىدۇ. نەۋائى بۇنداق سۆيگۈنى ئىنسانىيەتچىلىك نىشانىسى دەپ ئاتايدۇ.

ھىجابى[1] بادە زورىدىنكى كەتتى —
پەرى ئىزھارى ئىنسانىيەت ئەتتى:

- كى ئەي، ئالەم ئېلىدىن فەرد[2] نادىر،
كېلىپ زاتىڭ بەرى قۇدرەتتە قادىر.

ھۇنەردە زېردەستىڭ[3] بارچە ئالەم.
ھۇنەر يوقكىم كەمالۇ فەزل ئەرا ھەم.

ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەرلەر ئادىمىگەرچىلىكنى ھەر نەرسىدىن ئۈستۈن ھېسابلايدۇ. نەۋائىيچە، ئىشق ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ئاسمان يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شېرىن ئۆز سۆيگۈسىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى — ھەقىقىي ئادەم بولۇشتىن ئىبارەت دەپ بىلىدۇ:

مەنگە نى يارۇ نې ئاشىق ھەۋەستۇر،
ئەگەرمەن ئادەم ئولسام ئۇشبۇ بەستۇر.

شاپۇر ئوبرازى بولسا، سەمىمىي دوستلۇقنىڭ پارلاق نەمۇنىسى. ئۇ، تۈركىي خەلقنىڭ «دوستۇڭ ئۈچۈن قان يۇت» دېگەن ھېكمەتلىك ماقالىسىنى ئۆزىدە تولۇق ئەكس ئەتتۈرگەن بىر يىگىت. ئەدەبىياتتا ئەڭ سادىق دوستلارنىڭ ئوبرازى سۈپىتىدە ئافتوندىل ۋە تارىئەللەرنى بىلىمىز. بۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىنىڭ شەخسىي بەختىيارلىقى ئۈچۈن دوستىنىڭ بەختىيارلىقىنى شەرت دەپ بىلىشىدۇ. نەۋائىينىڭ شاپۇرىمۇ ئەشۇ تىپتىكى سادىق ۋە پىداكار دوستنىڭ ئوبرازىدۇر، ئەڭ قىيىن پەيتلەردە دوستى فەرھادقا ياردەم قىلىشنى شاپۇر ئۆزىنىڭ ئىنسانىي بۇرچى دەپ بىلىدۇ. چۈنكى:

ۋەفا ۋەئدەڭگە فاش ئەتمەك كېرەكسەن،
دېگەن سۆز باشىگە ئەتمەك كېرەكسەن.

شاپۇر دىنىي، مىللىي ۋە ئىرقىي ئايرىمىسىنى بىلمەيدىغان بىر ئىنتېرناتسىئونالىست، گۇمانىست ئوبرازى سۈپىتىدە ئالاھىدە قىممەتلىكدۇر. شاپۇرنىڭ چىن يىگىتى فەرھاد ۋە ئەرمەن قىزى شېرىن ئۈچۈن تارتىدىغان مۇشەققەتلەرنى ئوقۇغۇچى زەۋق ۋە ھاياجان بىلەن كۆزىتىپ بارىدۇ. شاپۇر نەۋائىينىڭ ئەڭ ئالىيجاناب غايىلىرىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

---

① ھىجاب — پەردە
② فەرد — يالغۇز، يېگانە.
③ زېردەستىڭ — قول ئاستىڭدا.

ئۇلۇغ كلاسسىكلارنى مۇتالىئە قىلغاندا، ئوقۇغۇچى ھەمىشە بىر پىكىر بىرلىككە دۇچ كېلىدۇ. بۇ ھالنى شۇ تاروستاۋېلى، نەۋائى، شېكىسپىر ۋە باشقىلاردا كۆرۈش مۇمكىن. بۇ پىكرى بىرلىك نېمىدە؟ بۇ شۇنىڭدىكى، ئۇلار سۆيگۈ ۋە دوستلۇق مىللىي، دىنىي ۋە ئېرقىي ئايرىمىنى بىلمەيدۇ. سۆيگۈ ۋە دوستلۇق ھەرقانداق دىنىنى، مىللىي توسۇقلارنى بۇزۇپ، ئىنسانىيەتنى بىرلەشتۈرىدۇ، دەپ تەكىتلەيدۇ. دەرۋەقە بۇ ھەقىقەتنى فەرھاد، شىرىن، شاپۇر، تارىقئەل، ئافتوندىل، رومېئو، جولېتتا، ھاملېت، ھوراتسىئو ئوبرازلىرىدا ئوچۇق كۆرۈش مۇمكىن.

«فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنىڭ يەنە بىر ئىجابىي ۋە سۆيۈملۈك قەھرىمانى فەرھادنىڭ دوستى ھەم قېرىندىشى بەھرام ئوبرازىدۇر. بەھرام بۇ داستانىنىڭ بېشىدا ۋە ئاخىرىدا كۆرۈنىدۇ. مەلۇمكى، داستاندىكى ۋەقە خىسراۋ باشلىق قارا كۈچلەرنىڭ ۋاقىتىنچە «غەلىبە»سى بىلەن تۈگەيدۇ. ئەسلىدە، ئۇ دەۋردە فەرھادلار ئالغا سۈرگەن غايىلارنىڭ غەلىبە قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، نەۋائى ئۆز پىكىرلىرىنى تارقاتقان بۇ قەھرىمانلارنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن ئۈمىدسىزلىككە چۈشمىدى، نەۋائى كېلەچەككە كۆز تىكىدۇ. ئۇ، كېچىكىپ بولسىمۇ ھەقىقەت ۋە ئادالەتنىڭ تەنتەنە قىلىشىغا قاتتىق ئىشىنىدۇ. بەھرام ئەنە شۇ ھەقىقەت ۋە ئادالەتنىڭ قۇدرەتلىك سىمۋولىدۇر.

بەھرام فەرھادنىڭ ئەرمەن مەملىكىتىدە خىسراۋنىڭ تۇتقۇنلىقىدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، سانسىز ـ ساناقسىز قوشۇن بىلەن يېتىپ كېلىدۇ. بىراق ۋاقىت ئۆتكەن بولۇپ، فەرھاد، شىرىن ۋە ماھىنبانۇلار ئۆلگەنىدى. دوستى ۋە مەسلەكدىشى فەرھادنىڭ ئۆلۈمى بەھرامغا شۇنچىلىك تەسىر قىلىدۇكى، پۈتۈن ئالەم ئۇنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرۈنىدۇ. ئۇ فەرھادقا ماتەم تۇتۇپ ۋە قەبرىسىنى قۇچاقلاپ يىغلايدۇ. نەۋائى بۇ ماتەم مۇراسىمىنى زور كۈچ بىلەن تەسۋىرلەيدۇ:

كۆزۈم چىقسۇن سېنى كۆرگۈنچە مۇنداق...
كېسىلسۇن تىل، سېنى سورغۇنچە مۇنداق...

كېلەر كەلمىش باشىڭگە غۇربەت ئىچرە؟
نې غۇربەتلەر چېكىبسەن شىددەت ئىچرە؟

كۆزۈڭ ئاچىپ كۆتەرگىل باشىڭ ئاخىر،
كي كەلمىش بىر ھەزىن قولداشىڭ ئاخىر،

يېتىپ گەردۇنغە ئۇن سەسكەنمەگىڭ يوق،
تۇتۇشۇپ ئالەمگە ئوت، تەبرەنمەگىڭ يوق،

كۆز ئاچماسسەن، دەبان كەلگەن قولۇمدۇر،
مەسەل چىن بولدىكىم، ئۇيقۇ ئۆلۈمدۇر

بۇ ئىشنىڭ تاقەتى مەندىن يىراقدۇر،
مۇنى كۆرگەنچە ئۆلسەم ياخشىراقدۇر...

بەھرام دوستى فەرھادنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە «سىنىڭ ھەربىر تامچە قېنىڭ ئۈچۈن دۈشمەنىنىڭ قانلىرىنى دەريا ـ دەريا قىلىپ ئاققۇزىمەن» دەپ قەسەمياد قىلىدۇ. ئىران قوشۇنى بەھرامنىڭ ھەيۋىسىدىن ئەندىشىگە چۈشىدۇ. بەھرام شۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن ئۇرۇش چىقىملىرىنى ئىرانلىقلاردىن تۆلىتىپ، ئۆزلىرىنى ئەرمەن مەملىكىتىدىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ. ماھىنبانۇ ئەۋلاتلىرىدىن ئىنسابلىق ۋە ئادالەتلىك بىر كىشىنى پادشاھ قىلىپ كۆتۈرىدۇ. قىسقىسى، بەھرام ئەرمەن ئۆلكىسىگە ھەقىقەت ۋە ئادالەت ئۇرۇقىنى سېپىپ، ۋەيرانچىلىقنى ئاۋاتلىققا ئايلاندۇرىدۇ، خەلقنىڭ كۆڭۈللىك تىرىكچىلىكىنى ياخشىلايدۇ:

قىلىپ ئۆل ئەدل ئايىنىنى بۇنياد،
كى ئەدلىدىن بولۇپ ۋەيرانلەر ئاباد.

نې يەركىم بۇزدى بىئەندازە، خىسراۋ،
ئانى ئەيلەب ئىمارەت تازە خىسراۋ[1]

بىر بەھرام ئاڭا ئىشرەت ئەساسىن،
لىۋائۇ[2]، تاجۇ رەنجى بېقىياسىن.

«فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنىڭ سەلبىي قەھرىمانلىرى خىسراۋ، ياسۇمەن ۋە شىرۇيە سانىلىدۇ. خىسراۋ — جەبر، زۇلۇم، ئادالەتسىزلىك،زوراۋانلىق. قىسقىسى شەرق ھەربىي فېئودال ئىستىبداتىنىڭ مۇجەسسەم مىسالىدۇر. ئۇ، ئاشىق ئەمەس، بەلكى رەزىل، ئىپلاس بىر شاھدۇر. خىسراۋ ئۈچۈن شىرىنىنىڭ ھۆسنىدىن ھەم مۇھىمراق بىر نەرسە بار. ئۇ — ئەرمەن ئۆلكىسىنىڭ بايلىقىدۇر. خىسراۋ ھەقىقىي ئاشىقنىڭ ئەمەس، يىرتقۇچ جاھانگىرنىڭ ئوبرازىدۇر. خىسراۋنىڭ ئۇنلاپ خوتۇنلىرى، نەچچە يۈزلەپ كېنىزەكلىرى بار. لېكىن، ئۇنىڭ ھايۋانى ھېسلىرى بۇلار بىلەن قانماىدۇ. ئۇ يەنە دۇنيانىڭ قايسى يېرىدە بىرەر گۈزەلنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىسا، ئۆزىنى «ئاشىقى بىقارار» ھېسابلاپ، شۇ تەرەپكە قاراپ ھەربىي يۈرۈش باشلايدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئاشىق ئىكەنلىكىنى قەلبى ۋە تىلى بىلەن ئەمەس، قىلىچى بىلەن «ئىسپات» قىلماقچى بولىدۇ. نەۋائىينىڭ ئۇقتۇرۇشىچە، بۇ ئاشىقلىقتىن تولىمۇ يىراق، سۆيگۈ

---

① تازە خىسراۋ — بەھرامغا ئىشارەتتۇر.
② لىۋا — بايراغ

مەنتىقىسىگە سىغمايدىغان ئەخمىقانە بىر ھەرىكەتتۇر. خىسراۋنىڭ ئەلچىسى (توغرىسى ۋەكىلى) شىرىن بىلەن ماھىنبانۇدىن رەت جاۋابى كەلتۈرگەندە، ئاشىقلىق دەۋاسىدا يۈرگەن خىسراۋ قانخور بىر يىرتقۇچ ھالىتىگە كىلىپ، بۇنداق دەيدۇ:

ستەمدىن[1] يەتكۈرەي ئانداق سازايى،
سالاي كىشۋەرلىرى[2] ئىچرە بەلايى!

نەۋائى بۇ ساختا ئاشىقنىڭ ۋەھشىيلەرچە ھەرىكىتىدىن نەپرەتلىنىپ، بۇنداق دەيدۇ:

كېرەك ئىشق ئەھلى قۇل بولماق بۇ سۆزگە،
كى شاھلىق ئۆزگە يۇ ئاشىقلىق ئۆزگە.

خىسراۋ قانچىلىك قۇترىمىسۇن، ئۆزىنى قانچىلىك دەھشەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك قىلىپ كۆرسەتمىسۇن، بەرىبىر، ئۇ فەرھادتەك باھادىرغا تەڭ بولالمايدۇ. ئۇ، ماھىنبانۇ قەلئەسىنى ئايلاپ مۇھاسىرە قىلسىمۇ، فەرھادنىڭ ۋەھىمىسىدىن، ھۇجۇم قىلىشقا قەتئىي جۇرئەت قىلالمايدۇ. خىسراۋلارنىڭ بۇنداق پەيتلەردە بىرلا چارىسى بار. ئۇ بولسىمۇ، مىكىر، ھىيلەدۇر. خىسراۋ ئۆزى نەقەدەر رەزىل، نەقەدەر قەبىھ ۋە پەسكەش بولسا، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى «ئادەملەر» ئۇنىڭدىنمۇ قەبىھ، مۇرتەدلەر ئىدى. خىسراۋ، مىكىر ۋە ھىيلىدە شەيتانغا دەرس بېرىدىغان «ياسۇمەننى» تېپىپ، فەرھادنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ. ئۇ، فەرھادقا شىرىن ھەققىدە يالغان، لېكىن ناھايىتى مۇدھىش خەۋەرلەرنى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ساپ قەلبىدە جاراھەت پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ فەرھاد سۆيگۈ ۋە ھىجران ئەلەملىرىدىن زەئىپلىشىپ قالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر بولغان بۇ مۇدھىش خەۋەرگە چىدىيالماي يىقىلىدۇ. مەككار ياسۇمەن بولسا، ئۇنىڭغا دورا پۈركىتىپ يەنىمۇ ھوشسىزلاندۇرۇۋېتىدۇ. خىسراۋنىڭ «كۈچى» ۋە «قۇدرىتى» مانا شۇ.

فەرھاد ۋە خىسراۋنىڭ مەنىۋىيەتلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن، ئۇلار ئارىسىدا بولغان دىئالوگ غايەت خاراكتېرلىكدۇر. فەرھاد بىلەن خىسراۋ ئارىسىدىكى دىئالوگ نەۋائىنىڭ سۆيگۈگە بولغان مۇناسىۋىتىنى، ئۇنى قانداق چۈشىنىدىغانلىقىنى ۋە سۆيگۈ كىتابىغا نېمىلەرنى قوشقانلىقىنى ئېچىپ بېرىدۇ. «ئىشق» نامىدىن لاپ ئۇرۇپ يۈرگەن خىسراۋ، فەرھادنىڭ قارشىسىدا تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئىشقىنىڭ ئېلىپبەسىدىنمۇ خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ. خىسراۋ ئىشق ھەققىدە گۇمراھلەرچە (ئاداشقانلارچە) سوئال بېرىدۇ. فەرھاد بولسا، ئۇنىڭغا ھېكمەتلىك جاۋابلارنى قايتۇرىدۇ. خىسراۋنىڭ پۈتۈن پاجىئەسى شۇ يەردىكى، ئۇ بۇنداق جاۋابلارنى ئاڭلاش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس

① ستەم — جەۋر، زۇلۇم.
② كىشۋەر — ئۆلكە، مەملىكەت.

ئىدى. خىسراۋنىڭ مەنىۋى پۇچەكلىكى، سۆيگۈنى ئالتۇنغا تېگىشكىلى بولىدۇ، دەپ تۇيغان بولسا، پەرھاد ئۆزىنىڭ پاكىز، سەمىمىي، ئۇلۇغۋار قەلبى بىلەن سۆيگۈنىڭ مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئىدى. خىسراۋنىڭ مەنىۋى پۇچەكلىكى، سۆيگۈنى ئاتلاپ باقمىغانلىقى ئۇنىڭ ھەربىر سوئالىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. خىسراۋ فەرھادقا، مەن ساڭا پۇل ۋە مەملىكەت بېرەي، سەن سۆيگۈنى تەرك قىل، دەپ ئالدايدۇ. فەرھاد بولسا، بۇ سۆزدىن ئاچچىق كىنايە قىلىپ، ئالتۇننى تۇپراق بىلەن ئالماشتۇرمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. خىسراۋ پەرھادتىن سۆيگۈدە پادىشاھقا شېرىك بولماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. فەرھاد بولسا، سۆيگۈدە شاھ بىلەن دەرۋىش باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ ۋە سۆيگۈ يۈرەكنىڭ شۇنداق بىباھا گۆھىرىكى، بۇ خىل پاك نەرسىدىن شاھلارنىڭ مەھرۇم ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ:

دېدى: قايدىنسەن ئەي مەجنۇنى گۇمراھ ؟
دېدى: مەجنۇن ۋەتەندىن قايدا ئاگاھ ؟
دېدىكىم: كۆيمەگىڭنى ئەيلە مەئلۇم !
دېدى: ئاندىن ئېرۇر شاھ ئەھلى مەھرۇم !
دېدى: بۇ ئىشقدىن ئىنكار قىلغىل !
دېدى؛ بۇ سۆزدىن ئىستىغفار[1] قىلغىل !
دېدى: بۇ ئىشق تەركى ياخشىراقدۇر،
دېدى: بۇ شىيۋە[2] ئاشىقدىن يىراقدۇر.
دېدى: ئول گەنج[3] مېھرىن[4] قوي نىھانى !
دېدى: تۇپراقتا بەرمەم كىميانى !
دېدىكىم: شاھقا بولما شىركەت[5] ئەندىش !
دېدى: ئىشق ئىچرە تەڭدۇر شاھۇ دەرۋىش،
دېدى: كىشۋەر[6] بېرەي، كەچ بۇ ھەۋەستىن !
دېدى: بىچارە كەچ، بۇ مۇلتەمەستىن[7]
دېدى: ئىشق ئىچرە قەتلىڭ ھۆكمىن ئەتكۈم!
دېدى: ئىشقدە مەقسۇدۇمگە يەتكۈم.

يالغۇز خىسراۋلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ ئالغان ھەممە ئادەملەر، ھەتتا ئۇنىڭ ئوغۇللىرىمۇ مەنىۋى جەھەتتىن ئۆلگەن، كىشىلىك قىياپىتىنى يوقاتقان

① ئىستىغپار — تۆۋا.
② شىيۋە — ئادەت
③ گەنج — غەزىنە، پۇل.
④ مېھر — مۇھەببەت.
⑤ شىركەت ئەندىش — شېرىك.
⑥ كىشۋەر — ئۆلكە، مەملىكەت.
⑦ مۇلتەمەس — ئىلتىماس.

يىرتقۇچلار ئىدى. نەۋائى بۇ ھەقىقەتنى ئوقۇغۇچىغا ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن كۆرسىتىپ ۋە ئوقتۇرۇپ بېرىدۇ. ۋاقىئە مۇنداق:

فەرھاد كۆپ ھىيلە ۋە مىكىرلەر بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن خىسراۋ ماھىنبانۇغا يەنە ئەلچى ئەۋەتىدۇ. بۇ ئەلچى فەرھادنىڭ ئۆلگىنىنى، شىرىننىڭ ئەمدى كۈتۈشى پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇرۇشنى توختىتىشنى ۋە شىرىننى خىسراۋغا بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ماھىنبانۇ خەلقنىڭ تىنچلىقى ۋە خاتىرجەملىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ئېغىر تەلەپنى قوبۇل قىلىدۇ. لېكىن، ئۇرۇش تۈپەيلى خاپىلىق ۋە كېسەللىككە ئۇچرىغان شىرىننىڭ تويىغىچە، بىرنەچچە ۋاقىت خوش ھاۋالىق جايلاردا دەم ئېلىش لازىملىقىنى شەرت قىلىپ قويىدۇ. خىسراۋ بۇ شەرتكە ماقۇل بولىدۇ.

شىرىن ئىستىراھەتكە چىققاندا خىسراۋنىڭ ئوغلى شىرۇيە ئۇزاقتىن ئۇنى كۆرۈپ، دەرھاللا «ئاشىق» بولۇپ قالىدۇ. سارايدىكى بىرمۇنچە كىشىلەرنى «ئۆزىگە رام» قىلىپ شۇ كېچىسىلا ئاتىسىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئەتىسىگە ئۆزىنى شاھ دەپ ئېلان قىلىپ، شىرىنگە ئۆز نامىدىن ئەلچى ئەۋەتىدۇ. رەزىللىكتە، ئەبلەخلىكتە ئاتىسىدىنمۇ ئۆزۈپ كەتكەن بۇ شاھزادە «سۆيگۈ»سىگە دەلىل قىلىپ ئاتىسىنى ئۆلتۈرگىنىنى ئېيتىدۇ. ئەمدى شىرىن يا سۆيۈملۈكى فەرھادنىڭ فىراقىدا ئۆلۈشى، ياش شىرۇيەگە ئوخشاش مۇرتەد بىلەن بىرگە بولۇشى كېرەك. تەبىئىي، شىرىننىڭ قەلبى ئاخىرقىسىنى ھەزىم قىلالماس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بىرىنچىسىنى تاللىدى. شىرىندەك بىر قىزغا شىرۇيە بىلەن بىرگە ئۆمۈر كەچۈرگەندىن كۆرە، ئۆلۈم شەرەپلىكرەك ئىدى.

مانا شۇ خىسراۋلار، شىرۇيەلەر، نەۋائى دەۋرىدىكى شاھلار ۋە شاھزادىلەرنىڭ، توغرىسى تېمۇرىلەرنىڭ ئەپتى - بەشىرەلىرى ئىدى. نەۋائى ئىران پادشاھى خىسراۋنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق ئۆز زامانىسىدىكى شاھلار ۋە شاھزادىلارنىڭ ھەقىقىي ئوبرازلىرىنى ياراتتى.

«فەرھاد ۋە شىرىن» داستانى نەۋائىنىڭ داھىيلىقىدىن بېشارەت بېرىدىغان ئەڭ گۈزەل ئەسەرلىرىدىن بىرى سانىلىدۇ. نەۋائى بۇ ئەسەردە ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنتېرناتسىئونالىزم، سەممىي سۆيگۈ ھەم قەھرىمانلىقتا ئوخشاش ئىلغار ئىدىيىلەرنى ئىلگىرى سۈردى. بىلىم، ھۈنەر ۋە سەنئەتنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، ئىلىمنىڭ ھەممە ئۈتۈقلىرىنى ئىنسانىيەتكە بېغىشلاشقا چاقىردى. زالىملارغا قارشى كەسكىن نەپرەت بايان قىلىپ، فەرھاد تىلىدىن، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە — «تىرىپىرەن» قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. نەۋائى، خىسراۋلارنىڭ«غەلىبىسى» ئەبەدىي ئەمەسلىكىنى، يېقىن كەلگۈسىدە ھەقىقەت ۋە ئادالەتنىڭ زەپەر مارشى تەنتەنە قىلىدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەنىدى.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابلىمىت ياقۇبى

(ئابلىمىت ياقۇبى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پېنسىيىگە چىققان كادىرى)

# مەڭگۈ تاشلاردا ئىشلىتىلگەن تەۋسىپلەر ۋە بۇ تەۋسىپلەردە ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئامىللىرى توغرىسىدا

مۇھەممەتئىمىن ئاتاۋۇللا

ئۆرخۇن - يىنسەي ۋادىلىرىدىن تېپىلغان، بۇنىڭدىن 13 ئەسىرلەر ئىلگىرى ئورنىتىلغان مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى بىزنى ئەينى دەۋردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، تىل - يېزىقى، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادى، دۆلەت تۈزۈلمىسى قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار قىلىدىغان بىرىنچى قول تارىخىي ماتېرىياللاردۇر. بۇ ماتېرىياللار بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ بۇ ساھەلەردە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىزنى ياخشى ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى ئەمەلىيەتتە ئېسىل ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ئىبارەت. ئۇلار تىلىنىڭ گۈزەللىكى، ئوبرازچانلىقى، چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولۇشى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. بۇلار ئەينى دەۋر يازما ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ خېلى يۇكسەك پەللىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ ئەسەرلەر تىلىدىكى يۇقىرىقى ئارتۇقچىلىقلارنى بارلىققا كەلتۈرۈۋاتقان بىر مۇھىم ئامىل - ئۇنىڭدا كەڭ قوللىنىلغان ھەرخىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردۇر. بىز بۇ ماقالىدا ئەنە شۇ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ بىرى بولغان تەۋسىپلەر، ئۇلارنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن مىللىي ئالاھىدىلىكلەر ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

تەۋسىپ سەنئىتى بەدىئىي ئىجادىيەتتە سۆزنىڭ ئوبرازچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، پىكىرنى جانلىق، تەسىرلىك ئىپادىلەپ، سۆزنىڭ ئىمولسىيالىق رولىنى ئاشۇرۇشتا بارلىق تەسۋىرى ۋاستىلەر ئىچىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئەڭ ئاددىي ئۇسۇل. خوددى روس ئەدەبىياتشۇناسى ۋ.ئى. يېرىمىنا ئېيتقاندەك «تەۋسىپ» - ئايرىم بىر ئەدىپنىڭ كامالەتكە يەتكەن - يەتمىگەنلىكىدىنلا ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن ئەدەبىياتنىڭ كامالەتكە يەتكەن - يەتمىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىغان مىزاندۇر.»①

«تەۋسىپ» سەنئىتى ئەدەبىياتتا كەڭ قوللىنىلىدىغان ۋە ئوبرازلارنىڭ يارقىن،

جەزبىلىك، تەسىرلىك، قايىل قىلارلىق يارىتىلىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىغان ۋاسىتىلەرنىڭ بىرىدۇر.

كلاسسىكلىرىمىز تەۋسىپ سەنئىتىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتا ناھايىتى مۇھىملىقىنى ئېنىق چۈشەنگەن ۋە بۇ توغرىسىدا كۆپ ئىزدەنگەن ئىدى. تەۋسىپ سەنئىتىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان رولى شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتشۇناسلىرىنىڭمۇ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ئىدى. شۇڭا ئوتتۇرا ئەسىردىن باشلاپ ھەرقايسى شەرق كلاسسىكلىرى بۇ توغرىدا كۆپ توختالغان ۋە نۇرغۇن تەبىرلەرنى بېرىشكەن. روس ئەدەبىياتشۇناسلىرىدىن گ.ل.ئەبروموۋىچ بىلەن ب.ۋ.تۇماشۇۋسكىنىڭ تەۋسىپ ھەققىدىكى تەبىرلىرى كۆپ ساندىكى تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنىدۇ. گ.ل.ئەبروموۋىچ تەۋسىپ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «تەۋسىپ – بەدىئىي تۈرلىگۈچى بولۇپ، مەلۇم كونتېكستتە تەسۋىرلىنىۋاتقان ھادىسىنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. تەۋسىپتە خۇسۇسىيەتنى ئايرىپ كۆرسىتىش ئاساسى مەقسەت قىلىنمايدۇ. ئۇ مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن مەنتىقىلىق تۈرلىگۈچىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.② ب.ۋ.تۇماشۇۋسكى مۇنداق دەيدۇ: «تەۋسىپتە تەسۋىرلەنگۈچىنىڭ مەلۇم خۇسۇسىيىتىنى تەكىتلەشتىن مەقسەت، بۇنداق خۇسۇسىيەتنى ئۇنىڭ باشقا خۇسۇسىيەتلىرىدىن ئايرىپ كۆرسىتىش بولماستىن، بەلكى سۆزگە ئالاھىدە ئۇسلۇبىي تۈس بېرىپ، ئۇنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈندۇر.»③

دېمەك، «تەۋسىپ سەنئىتىدە تەسۋىرلەنگۈچى ئوبيېكتنىڭ ئىجادىيەتچى تەپەككۇرىدە شەكىللەنگەن ئەڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى تەكىتلەنگەندىن سىرت، ئۇ بىر تەسۋىر ۋاسىتىسى سۈپىتىدە سۆزنىڭ ئېمولسىياللىق تەسىرىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.»④

«كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» ۋە «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» قاتارلىق ئابىدىلەر بارلىق مەڭگۈ تاشلار ئىچىدە ئەڭ ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە مونەۋۋەر ئەسەرلەر بولۇپ، ساقلىنىشى نىسبەتەن مۇكەممەل، مەزمۇنى ۋە ئەدەبىي سەنئەت جەھەتتىن روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۈچ ئابىدىدىكى تەۋسىپ سەنئىتى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئەينى دەۋر يازما ئەدەبىياتىنىڭ سەۋىيىسىنى تېخىمۇ بىرقەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا يورۇتماقچىمىز. بۇ تېكىستلەرنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى، ئىشلىتىلگەن تىلى ۋە بەدىئىي ماھارىتى قاتارلىقلار ئاساسىي جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە بولغاچقا بىز بۇ يەردە بۇ ئۈچ ئابىدىنى بىرلەشتۈرۈپلا مۇھاكىمە قىلىمىز.

ئۈچ مەڭگۈ تاشتا جەمئىي 115 يەردە تەۋسىپ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

| ئەقلي تەسۋىپ | ھسسي تەسۋىپ | ئىستىئارىلىق تەۋسىپ |
|---|---|---|
| 1 ـ تۇر پېرسوناژ | | |
| ① خەلق | | |
| چىغاي بودۇن (يوقسۇل خەلق)، چىغاي بودۇن (يوقسۇل خەلق)، چىغاي بودۇن (يوقسۇل خەلق)، چىغاي بودۇق (يوقسۇل خەلق)، ئۆلتەچىچە ساقىنىنغما تۇرۇك بەگلەر بودۇن (ئۆلگىدەك ھەسرەتتە قالغان تۈرك بەگلىرى خەلقى)، ئۆلتەچى بودۇن (ئۇلۇمگە يۈز تۇتقان خەلق)، قارا بودۇن (ئاددى خەلق)، يالاڭ بودۇن (يالىڭاچ خەلق) 8 | ئىلىلىگ بودۇن (ئېلى بار خەلق)، قاغانلىغ بودۇن (خاقانلىق خەلق)، كۆنگەدمىش، قۇلادمىش بودۇن (دېدەككە ئايلانغان، قۇل بولغان خەلق)، ئاشىسىز، تاشرا تونسىز، يابىز يابلاق بودۇن (يېگىلى ئېشى يوق، كىيگىلى كىيىمى يوق يوقسۇل خەلق)، قاغانسىرامىش بودۇن (خاقانىدىن ئايرىلغان خەلق)، ئىلىلىگ بودۇن (ئېلى بار خەلق)، قاغانلىغ بودۇن (خاقانلىق خەلق)، قاغانسىرامىش بودۇن (خاقانىدىن ئايرىلغان خەلق)، كۆنگەدمىش، قۇلادمىش بودۇن (دېدەككە ئايلانغان، قۇل بولغان خەلق) 9 | |
| ② ئىجابىي پېرسوناژلار | | |
| ئەدگۈ بىلگە كىشى (ياخشى ئەقىللىق كىشىلەر)، ئەدگۈ ئالپ كىشى (ناھايىتى باتۇر كىشى)، ئالپ ئەر (باتۇر ئەر)، ئەدگۈ بىلگە كىشى (ياخشى ئەقىللىق كىشىلەر)، ئەدگۈئالپ كىشى (ناھايىتى باتۇر كىشى)، ئەدگۈ بىلگە كىشى (ياخشى ئەقىللىق كىشىلەر)، ئەدگۈ ئالپ كىشى (ناھايىتى باتۇر كىشى) | | |
| ③ سەلبىي پېرسوناژلار | | |
| ئايىغ كىشى (يامان نىيەتلىك كىشىلەر)، بىلىگ بىلمەز كىشى (جاھىل كىشى)، يابلاق كىشى (بۇزۇق ئادەملەر)، ئايىغ كىشى (يامان نىيەتلىك كىشىلەر)، بىلىگ بىلمەز كىشى (جاھىل كىشى)، ئايىغ كىشى (يامان نىيەتلىك كىشىلەر)، بىلىگ بىلمەز كىشى (جاھىل كىشى) 7 | | |

| | | |
|---|---|---|
| ④ پادىشاھ، خان، ئەمىر | | |
| بىلگە قاغان (دانا خاقان)، ئالپ قاغان (باتۇر خاقان)، كۈلۈگ قاغان (داڭلىق خاقان)، بىلىگسىز قاغان (بىلىمسىز خاقان)، بىلگە قاغان (دانا خاقان)، ئىغار قاغان (كۈچلۈك خاقان)، يابلاق قاغان (بۇزۇق خاقان)، بىلگە قاغان (دانا خاقان)، بىلىگسىز قاغان (بىلىمسىز خاقان)، يابلاق قاغان (بۇزۇق خاقان)، ئىغار قاغان (كۈچلۈك خاقان) 13 | | |
| ⑤ ئاياللار قىزلار | | |
| ئەشلىك قىز ئوغلۇڭ (پاك قىزلىرىڭلار) 1 | | |
| 2 ـ تۈر ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ بەدەن ئەزالىرى | | |
| بىلىر بىلىگىم (　　)، تۇڭىتمىش كۆزى (جانسىز كۆز) 2 | قىزىل قان (قىزىل قان)، قارا تەر (قارا تەر) 2 | |
| 3 ـ تۈر تەبىئەتتىكى نەرسىلەر | | |
| ئىدۇق ئۆتۈكەن يىش (مۇقەددەس ئۆتۈكەن تىغى)، ئىدۇق ئۆتۈكەن يىش (مۇقەددەس ئۆتۈكەن تىغى)، ئاغىر تاش (ئېغىر تاش) 3 | سۇڭۈغ باتىمى قار (نەيزە بويى قېلىنلىقتىكى قار)، يوغۇن ئىغ (يوغان ياغاچ) 2 | |
| 4 ـ تۈر ھايۋانلار | | |
| ئەدگۈ ئۆزلىك ئات (ياخشى نەسىللىك ئات)، ئۆزلىك ئات ئادغىر (نەسىللىك ئات ئايغىر) 2 | بوز ئات (بوز ئات)، بوز ئات (بوز ئات)، قەدىمىلىغ تورۇغ ئات (يۇپۇقۇق تورۇق ئات)، بوز ئات (بوز ئات)، ئاق ئات (ئاق ئات)، ئاق ئات (ئاق ئات)، ئاق ئات (ئاق ئات)، ئاق ئات (ئاق ئات)، ئاق ئات (ئاق ئات)، قارا قىشىن (قارا بولغۇن)، كۆك تەيەڭ (كۆك تىيىن)، قاراقشىن (قار بولغۇن)، كۆك تەيەڭ (كۆك تىيىن)، 13 | |
| 5 ـ تۈر ئۆي ـ ئىمارەتلەر، تۇرمۇش بۇيۇملىرى | | |
| ئادىنچىغ بارك (ھەيۋەتلىك بىنا)، ئادىنچىغ بارك (ھەيۋەتلىك بىنا)، ئادىنچىغ بارك (ھەيۋەتلىك بىنا)، ئەغرى تەبى (ئېسىل ئىگەر) 4 | | |

| | | |
|---|---|---|
| **6 ـ تۈر ئىززەت ـ ئابروي، بەخت ـ سائادەت، مەنىۋى دۇنيا، كونكرېت بولمىغان ھادىسىلەر** | | |
| ئارىغ ئۇبۇتى (ساپ نومۇس)، ئايىغ بىلىگ (يامان ھىلە)، ئايىغ بىلىگ (يامان ھىلە) 4 | | |
| **7 ـ تۈر ماددى بۇيۇملار** | | |
| يىمشاق ئاغى (يۇمشاك يىپەك)، يابلاق ئاغى (ناچار سوغا)، ئەدگۈ ئاغى (ياخشى يىپەك)، يىمشاق ئاغى (يۇمشاك يىپەك)، يىمشاق ئاغى (يۇمشاك يىپەك)، يابلاق ئاغى (ناچار سوغا)، ئەدگۈ ئاغى (ياخشى يىپەك)، يىمشاق ئاغى (يۇمشاك يىپەك)، يىمشاق ئاغى (يۇمشاك يىپەك)، يابلاق ئاغى (ناچار سوغا)، ئەدگۈ ئاغى (ياخشى سوغا)، 11 | | |
| **8 ـ تۈر مىتاللار** | | |
| | سارىغ ئالتۇن (سېرىق ئالتۇن). ئۆرۈڭ كۈمۈش (ئاق كۈمۈش)، 2 | |
| **9 ـ تۈر ماكان، يۇرت، ئورۇن ـ جاي** | | |
| يىگ ئىدى (ياخشى يەر)، يىگ ئىدى (ياخشى يەر)، ئەرىغ يەر (مۇھىم يەر)، ئەرىغ يەر (مۇھىم يەر)، يىگ ئىدى (ياخشى يەر)، ئەرىغ يەر (مۇھىم يەر)، ئەرىغ يەر (مۇھىم يەر)، 7 | ياغىز يەر (قوڭغۇر تۇپراق)، ياغىز يەر (قوڭغۇر تۇپراق)، 2 | |
| **10 ـ تۈر ئىش ـ ھەرىكەت** | | |
| سۇچىگ سەبى (چۈچۈك سۆز)، ئايىغ بىلىگ (يامان ھىلە)، سۇچىگ سەبى (چۈچۈك سۆز)، سۇچىگ سەبى (چۈچۈك سۆز) ئايىغ بىلىگ (يامان ھىلە)، سۇچىگ سەبى (چۈچۈك سۆز)، ئۇلۇغ تۆرۈن (داغدۇغىلىق توي مەرىكىسى)، سۇچىگ سەبى (چۈچۈك سۆز)، ئايىغ بىلىگ (يامان ھىلە)، سۇچىگ سەبى (چۈچۈك سۆز) 10 | | |
| **11 ـ تۈر دۆلەت** | | |
| بارمىش ئەدگۈ ئەل (ئەركىن ياخشى دۆلەت)، ئىغار ئىل (كۈچلۈك دۆلەت)، ئىغار ئىل (كۈچلۈك دۆلەت)، 3 | | |

| 12 - تۈر تەگرى | | |
|---|---|---|
| ئىدۇق يەر سۇب (مۇقەددەس يەر - سۇيى)، ئىدۇق يەر سۇب (مۇقەددەس يەر - سۇيى)، ئىدۇق يەر سۇب (مۇقەددەس يەر - سۇيى)، ئىدۇق يەر سۇب (مۇقەددەس يەر - سۇيى)، 4 | | |

هەر قايسى تۈردىكى تەۋسىپلەرنىڭ ئەقلىي ۋە ھېسسىي تەۋسىپلەرنىڭ ئۆزئارا ئىگىلىگەن نىسبەتلىرى مۇنداق بولىدۇ:

| تۈر | مەۋسۇف | ئەقلىي تەۋسىپلەر | | | | ھېسسىي تەۋسىپلەر | | | | ئىستىئارىلىق تەۋسىپلەر | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئومۇمىي سانى | % | تەكرار سانى | % | ئومۇمىي سانى | % | تەكرار سانى | % | ئومۇمىي سانى | % | تەكرار سانى | % |
| 1-تۈر | پېرسوناژلار | | | | | | | | | | | | |
| ① | خەلق | 5 | 45.5 | 8 | 47 | 6 | 54.5 | 9 | 53 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| ② | ئىجابىي پېرسوناژلار | 3 | 100 | 7 | 100 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| ③ | سەلبىي پېرسوناژلار | 3 | 100 | 7 | 100 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| ④ | پادىشاھ، خان - ئەمىر | 7 | 100 | 13 | 100 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| ⑤ | ئاياللار - قىزلار | 1 | 100 | 1 | 100 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| | ئومۇمىي پېرسوناژلار سانى | 19 | 76 | 36 | 80 | 6 | 24 | 9 | 20 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| 2-تۈر | ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ بەدەن ئەزالىرى | 2 | 50 | 2 | 50 | 2 | 50 | 2 | 50 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| 3-تۈر | تەبىئەتتىكى نەرسىلەر | 2 | 50 | 3 | 60 | 2 | 50 | 2 | 40 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| 4-تۈر | ھايۋانلار | 2 | 28.6 | 2 | 13 | 5 | 71.4 | 13 | 87 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| 5-تۈر | ئۆي - ئىمارەتلەر، تۇرمۇش بۇيۇملىرى | 2 | 100 | 4 | 100 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 6-تۈر | ئىززەت ـ ئابروي مەنىۋى دۇنيا، كونكرېت بولمىغان نەرسىلەر | 2 | 100 | 4 | 100 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| 7-تۈر | ماددى بۇيۇملار | 3 | 100 | 11 | 100 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| 8-تۈر | ھەر خىل مېتاللار | 0 | 0 | 0 | 0 | 2 | 100 | 2 | 100 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| 9-تۈر | ماكان، يۇرت، يەر، جاي | 2 | 66.7 | 7 | 77.8 | 1 | 33.3 | 2 | 22.2 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| 11-تۈر | ئىش ـ ھەرىكەت | 3 | 100 | 10 | 100 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| 12-تۈر | دۆلەت | 2 | 100 | 3 | 100 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| 13-تۈر | خۇدا | 1 | 100 | 4 | 100 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| 14-تۈر | جەمئى | 40 | 69 | 86 | 74.1 | 18 | 31 | 30 | 25.9 | 0 | 0 | 0 | 0 |

ئىزاھات: «ئومۇمىي سان» ـ تەۋسىپلەرنىڭ تەكرارلانغانلىرى بىرلا خىل تەۋسىپ دەپ قارىلىپ، ئومۇمىي سانى بىر دەپ ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، ئەقلى تەۋسىپنىڭ بىرىنچى تۈرىدە «چىغاي بۇدۇن» دېگەن تەۋسىپ تۆت يەردە تەكرارلانغان. بۇنىڭ ئومۇمىي سانى بىر دەپ ئېلىنىدۇ. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا خەلق سۆزىنىڭ ئەقلىي تەۋسىپىنىڭ ئومۇمىي سانى بەش.

«تەكرار سانى» ـ تەكرارلانغان تەۋسىپلەرنىڭ سانى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. يەنى نەچچە يەردە تەكرارلانغان بولسا شۇنچە تەۋسىپ دەپ سانىلىدۇ. مەسىلەن، «چىغاي بۇدۇن» تۆت يەردە تەكرارلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ تەكرار سانى تۆت دەپ ئېلىنىدۇ. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا خەلق سۆزىنىڭ ئەقلىي تەۋسىپىنىڭ تەكرار سانى سەككىز.

«پىرسەنتلەر» ـ يەنە بىرىنچى تۈردىكى «خەلق» سۆزىنىڭ تەۋسىپىنى مىسالغا ئېلىپ چۈشەندۈرىمىز، جەدۋەلنىڭ بىرىنچى قۇرنىڭ بىرىنچى كاتەكچىدىكى پىرسەنت ـ «خەلق» سۆزىنىڭ ئەقلىي تەۋسىپىنىڭ ئومۇمىي سانى بىلەن بۇ سۆزنىڭ ھېسسىي تەۋسىپىنىڭ ئومۇمىي سانى ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەتنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «خەلق» سۆزىنىڭ ئەقلىي تەۋسىپىنىڭ ئومۇمىي سانى بەش، ھېسسىي تەۋسىپىنىڭ ئومۇمىي سانى ئالتە. ئىككى تەۋسىپ جەمئىي 11. دېمەك، بۇ ئىككى خىل تەۋسىپ ئىچىدە ئەقلىي تەۋسىپىنىڭ ئىگىلىگەن پىرسەنتى 45.5%، ھېسسىي تەۋسىپىنىڭ ئىگىلىگەن پىرسەنتى 54.5%. تەكرار سانلىرىنىڭ پىرسەنتىمۇ ئوخشاش قائىدە بويىچە ھېسابلانغان.

مەڭگۈ تاشلاردىكى تەۋسىپلەرنىڭ يۇقىرىدىكى تۈرلەرگە بۆلۈنۈش ئەھۋالىدىن مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرنى يىغىنچاقلاپ چىقىشقا بولىدۇ.

(1) مەڭگۈ تاشلاردا ھېسسىي تەۋسىپلەرگە قارىغاندا ئەقلىي تەۋسىپلەر كۆپ ئىشلىتىلگەن، ئىستىئارىلىق تەۋسىپ ئىشلىتىلمىگەن. ئەقلىي تەۋسىپلەر بولسا ئەقلىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ، تەسۋىرلەنگۈچى ئوبيېكتنىڭ پەقەت تەپەككۇر يولى ئارقىلىق ئىدراك قىلىنىشقا بولىدىغان مەۋھۇم خۇسۇسىيەتلىرى ئىپادىلىنىدۇ. ھېسسىي تەۋسىپلەر بولسا ئادەمنىڭ بەش ھېسسىي ئەزاسى (كۆرۈش، ئاڭلاش، پۇراش، تېتىش ۋە تېگىش سېزىمى قاتارلىقلار)نىڭ رولىغا تايىنىپ ئىدراك قىلىنىدۇ. ئىستىئارىلىق تەۋسىپلەردە بولسا ئاساسىي مەنىگە ئوخشىتىش ۋە ئۇنىڭدىن يىراقلىشىش ئاساسىي قانۇنىيەت بولىدۇ. مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدە ئىشلىتىلگەن ئەقلىي تەۋسىپلەرنىڭ كۆپ بولۇشى بۇ تېكىستلەرنىڭ يازغۇچىلىرىنىڭ تەپەككۇرىنىڭ كۈچلۈك، تىلىنىڭ پىشقان، ئىپادىلەش كۈچىنىڭ يۇقىرىلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ تارىخىي ئەسەرلەردە ئەقلىي تەۋسىپنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

(2) ھەرقايسى تۈردىكى تەۋسىپلەر ئىچىدە پېرسوناژلار تەۋسىپى ئەڭ كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە «خەلق» سۆزىنى سۈپەتلىگەن تەۋسىپلەر كۆپ. ئۇنىڭدىن قالسا پادىشاھ ـ خانلارنى سۈپەتلەيدىغان تەۋسىپلەر بىرقەدەر كۆپ. بۇنىڭدىن بىز ئەينى فېئوداللىق، پادىشاھلىق دەۋرىنىڭ خاراكتېرىنى كۆرىۋالالىساق، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇرخۇن ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ خەلقنىڭ دەردى، قايغۇ ـ ھەسرىتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ كۆرەش قىلىدىغانلىقى، خەلقنىڭ ھالىغا ھال، مۇڭىغا مۇڭ بولىدىغانلىقىدەك خەلقپەرۋەر روھىنى كۆرىۋالالايمىز.

(3) ئۈچ مەڭگۈ تاش تېكىستىدە ئاياللار ـ قىزلار تەۋسىپى پەقەت بىرلا يەردە ئۇچرايدۇ. مەڭگۈ تاشلاردا ئۇرخۇن ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ ئېلىپ بارغان نۇرغۇن كۆرەشلىرى، نۇرغۇن ۋەقەلەر بايان قىلىنغان بولۇپ، شۇنچە كۆپ مەزمۇنلار ئىچىدە قىز ـ ئاياللارنى سۈپەتلەيدىغان تەۋسىپنىڭ پەقەت بىرلا يەردە كۆرۈلۈشىدىن ئەينى دەۋردە ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ بىرقەدەر تۆۋەنلىكىنى مەلۇم جەھەتتىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئايان بولغىنىدەك، ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ئەر ـ ئاياللار ئورتاق ياراتقان ۋە ئورتاق تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرگەن. شۇنداق بولغاچقا مېيلى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردە بولسۇن ۋە ياكى ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردە بولسۇن، ئەر ـ ئاياللار ھەردائىم ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن. بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ھەرقايسى دەۋ-

لەردە ئوينىغان رولى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغان. ئەمما كېيىن ئاتىلىق ھوقۇقىنىڭ ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىشى بىلەن ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. ئاياللار بېقىندى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. گەرچە ئاياللار كېيىنكى دەۋرلەردە ئەرلەرگە ئوخشاشلا بەزىبىر ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش، دېھقانچىلىق ۋە قول ھونەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشتەك ئىشلارنىڭ ئىشتىراكچىلىرىدىن بولۇپ كەلگەن، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر ھۆرمەتلىنىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ۋە سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولسىمۇ، ئەمما تارىختىكى بەزى دەۋرلەردە ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلام ئاياللىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدا زور چېكىنىش يۈز بېرىپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئىجتىمائىي ئورنى كەمسىتىلىشكە ئۇچرىغان. گەرچە بەزى جايلاردا ئاياللار يەنىلا ھۆرمەتلىنىپ، ئىززەتلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، بەزى جايلاردا بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان. بولۇپمۇ يەرلىك ئاددى خەلقلەر ئارىسىدا ئاياللارنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىغا خالىغانچە دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ تۇرغان. بۇنداق ئەھۋاللار تۇرپان دىيارىدىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما ۋەسىقىلەردىمۇ كۆپ ئەكس ئېتىدۇ. ھەتتا ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە قىز ئاياللارنى نەرسە - كېرەكلەرگە ئالماشتۇرۇپ، قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ سېتىپ پۇل تۆپلىغانلارمۇ، قىز تۇغۇلسا نومۇس قىلىپ سۇغا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرىۋاتقان ئىشلارمۇ بولغان. ⑤ مەڭگۈ تاشلاردىكى بايانلاردىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى يۇقىرى قاتلام ئاياللىرىنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرىقىلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. مەسىلەن: (كۆلتېگىن (ئۆگىسىز (دېگەن) ئاق ئېتىنى مىنىپ، توققۇز ئەرگە نەيزە سانچىدى. ئوردىنى بەرمىدى. (شۇنداق قىلمىغان بولسا) ئانام خاتۇن قاتارلىق ئانىلىرىم، ئاچىلىرىم، كېلىنلىرىم، مەلىكىلىرىمنىڭ تېرىكلىرى دېدەك بولاتتىڭلار، جەسىدىڭلار بولسا خارابىلىقتا، يولدا قالغان بولاتتى ! (كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى شىمالى يۈزى 9 - قۇر). ئاتام ئىلتەرىش خاقاننى، ئانام ئىلبىلگە خاتۇننى تەڭرى تۆپىسىدىن تۇتۇپ ئېگىز كۆتىرىپتۇ (كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى شەرقى يۈزى 11 - قۇر). ئىنتايىن داغدۇغىلىق توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ قىزىمنى تۈرگەش خاقانغا ياتلىق قىلدىم. يەنە ئىنتايىن داغدۇغىلىق توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ تۈرگەش خاقانىنىڭ قىزىنى ئوغلۇمغا ئېلىپ بەردىم. كۆلتېگىن خاقان مەڭگۈ تېشى شىمالى يۈزى 9 - قۇردىكى بايانلاردىن بايقاشقا بولىدۇكى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۆۋەن قاتلامدىكى ئاياللارنىڭ ئورنى بىرقەدەر تۆۋەن ئىدى (يەنى «دېدەك بولاتتىڭلار» دېگەن جۈملىدىن ئەينى دەۋردىكى ئاياللارنى قول، دېدەك قىلىپ ئىشلىتىشتەك ئا-

دەتنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ). بۇنىڭغا مەڭگۈ تاشلاردىن يەنە باشقا مىساللارنى كەلتۈرۈش مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەڭگۈ تاشلاردا كەلتۈرۈلگەن ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك بىرلا تەۋسىپتىن ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى نىسبەتەن تۆۋەن ئىدى دەپ ئېيتالايمىز.

(4) ھايۋان تەۋسىپلىرى ئىچىدە ئاتنى سۈپەتلەيدىغان تەۋسىپلەر خېلى كۆپ. مەڭگۈ تاشلاردا ئات سۆزى كەلسىلا ئۇ ئاتنىڭ قانداق ئات ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ سۈپىتىنى كۆرسىتىدىغان تەۋسىپلەر جەزمەن بار. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئاتلار ۋە ئات تەۋسىپلىرى ھەرگىزمۇ تەساددىپيلىق بىلەن تىلغا ئېلىنىپ قالغان بولماستىن، بەلكى بۇلار بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى «ئات قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ باشلانغۇچ دۇنيا قاراشلىرى شەكىللەنگەن چاغنىڭ ئۆزىدىلا ئىلاھىي ئوبراز سۈپىتىدە، ئۇلارغا ئەڭ بۈيۈك ۋە ئەڭ مۇقەددەس «مەبۇد» بولۇپ قالغانىدى. «ئاق ئات ئىلاھى»غا تېۋىنىشنىڭ تارىخى قەدىمقى ئۇيغۇرلار تارىخىدا تولىمۇ ئۇزۇن زامانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر»ىنىڭ ھونلار تەزكىرىسىدە ھونلار ئۇرۇشقا چىققاندا ياكى ياغى (دۈشمەن) نى قورشىۋالغاندا غەرب تەرەپكە ھامان ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئاق ئاتتىن تەركىب تاپقان ئەڭ باتۇر قىسمىنى ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى خاتىرىلىگەن. تۈركىي خەلقلەرمۇ جەڭلەردە بىر ئاق ئاتنى سەپنىڭ ئالدىدا ماڭغۇزغان، بۇ ئۇلارنىڭ ئاق ئاتنى نۇسرەت ۋە ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە چۈشەنگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ ...... قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئات ھەققىدىكى قاراشلىرى ئۇلارنىڭ تۇتىمىزىملىق قاراش دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالغان ئەمەس. بەلكى ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە سىڭىپ كەتكەن. شۇڭا ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى قاراشلىرىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىغا ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەنلىكىدە گەپ يوق.»⑥ مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىدىكى ئات ھەققىدىكى بايانلار ئىچىدە «ئاق ئات» ئالاھىدە گەۋدىلىك ئورۇندا بولۇپ، كۆلتېگىن جەڭگە بىرقانچە قېتىم باشقا رەڭدىكى ئاتنى مىنىپ كىرگەندە مەغلۇپ بولۇپ، ئاق ئاتنى مىنىپ جەڭگە كىرگەندە نۇسرەت قازانغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكنىڭ مەڭگۈ تاشلاردا ئەكس ئېتىشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى دەۋرلەردىكى ئاتنى ئۇلۇغلاش، ئاق ئاتقا تېۋىنىش ئادىتىنىڭ ئىزنالىرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. دېمەك، «ئات»نىڭ قانداق ئاتلىقىنى سۈپەتلەپ كەلگەن بۇ تەۋسىپلەرنىڭ رولى شۇ قەدەر چوڭ بولغان.

(5) مەڭگۈ تاشلاردا قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا ئېتىقاد قىلىنغان «يەر - سۇ تەڭرىسى»نىڭ نامى تىلغا ئېلىنىشىلا «ئىدۇق (مۇقەددەس)» دېگەن سۆز دائىم بىرگە كېلىدۇ. بىز بۇ «ئىدۇق (مۇقەددەس)» دېگەن تەۋسىپتىن ئۇلارنىڭ تەبىئەت ئېتىقاد-

چىلىقى ئاساسىدىكى شامانىزىم ئېتىقادىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەڭگۈ تاشلاردا ئورخۇن خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ كۈچلۈك ئېتىقادلىرى خېلى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىمىزدىكى تەڭرى مۇقەددەسلىكى، يەر - زېمىن ئىلاھى ۋە سۇ ئىلاھىغا تېۋىنىش ئادىتى ۋە ئۇلۇغلاش قارىشى قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت ئىلاھىيەتچىلىك ئېتىقادى روشەن ئەكس ئەتتۈرگەن. ھەرقايسى تاشلاردا يەر، سۇ، تەڭرى، ئۇماي ... لار ئۇلۇغلانغان بولۇپ، بىز بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شامان ئېتىقادلىرىنى كۆرۈۋالالايمىز.

(6) مەڭگۈ تاشلاردا «ئۆتۈكەن يىش (ئۆتۈكەن تېغى)» ئالاھىدە ئۇلۇغلىنىپ، بۇ تاغنىڭ نامى تىلغا ئېلىنسىلا «ئىدۇق (مۇقەددەس)» دېگەن تەۋسىپ بىرگە كېلىدۇ. مەڭگۈ تاشلاردا ئۇچرايدىغان بۇ «ئۆتۈكەن تېغى» ھەمدە تاغنى ئۇلۇغلايدىغان «ئىدۇق (مۇقەددەس)» سۆزى تاسادىپى تىلغا ئېلىنىپ قويۇلغان بولماستىن، بەلكى بۇ سۆزنىڭ چوڭقۇر مەناسى بار، يەنى «ئىدۇق (مۇقەددەس)» دېگەن بۇ تەۋسىپتىن بىز قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتۈكەن تېغىغا بىر ئىلاھ سۈپىتىدە چوقۇنۇپ، بۇ تاغنى ناھايىتى ئۇلۇغلايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مەلۇمكى، مەنىۋى دۇنيادا شەكىللىنىدىغان ھەرقانداق بىر ئېتىقاد ھادىسىسى مۇئەييەن بىر دىنى قاراشنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت. «ئۆتۈكەن» نىڭ قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ شامانىزىم ئېتىقادىدا مۇقەددەس دەپ قارىلىشى ئۇنىڭ «ئىلاھ» دەپ تونۇلغانلىقىدىن كېلىپ چىققانىدى. ئىلگىرى تۇرپاندىن مەلۇم بىر ھۆكۈمراننىڭ (گابائىن خانىم بۇنى ئېھتىمال يايلاقتىكى ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر قاغانى بولسا كېرەك دەيدۇ) تەختكە چىقىشىغا بېغىشلانغان بىر تەبرىكنامە تېپىلغان. بۇ تەبرىكنامىدە، ئالدى بىلەن يايلاق خانلىقىنىڭ مەركىزىنى قوغدىغۇچى «ئىل ئۆتۈكەن قۇت» (قەبىلە ئىلاھىسى ئۆتۈكەن) تىن بەخت تىلىگەن. ⑦ مانا بۇنىڭدىن بىز «ئۆتۈكەن»نىڭ قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئېتىقادىدا ئۇلارغا مەڭگۈلۈك سىياسىي قۇدرەت (ھاكىمىيەت) ئاتا قىلغۇچى، ئۇلارنى غەم - قايغۇدىن خالاس قىلىپ، تىنچ - ئاسايىش تۇرمۇشقا، بەخت سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى، ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگۈچى ھەم ھاياتىنى قوغدىغۇچى ئىلاھى روھ (تەڭرى) دەپ قارالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. «قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ۋە موڭغۇللار ئېتىقاد قىلغان شامان دىنىنىڭ مۇقەددەس ئىلاھلىرى «كۆك تەڭرىسى» بىلەن «يەر تەڭرىسى» ئىدى. «يەر تەڭرىسى» نى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر «مۇقەددەس يەر - سۇب» دەيتتى. موڭغۇللار بولسا «ئەتۈكەن» دەيتتى. يەر ئىلاھى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تاغ ئىلاھى، سۇ ئىلاھى، ئورمان (دەل - دەرەخ) ئىلاھى

قاتارلىق ئىلاھلارنىڭ پەيدا بولىشىغا سەۋەب بولغان. «يەر - سۇ ئىلاھلىرى» نىڭ ئۇنۇملۇك ۋەكىلى تاغدۇر. تاغلارنىڭ يۈكسەك ھەيۋىتى قەدىمدە ئىككى خىل تونۇشنى پەيدا قىلغان. بىرى، تاغ «تەڭرى»لەرنىڭ يولى بولۇپ، ئىلاھى كۈچكە ئىگە دەپ قاراش، يەنە بىرى تاغلار خىيالى روھلارنىڭ ماكانى دەپ قاراش. مانا مۇشۇ ئىككى خىل تونۇشتىن تاغلارنى مۇقەددەسلەشتۈرۈش ئېتىقادى كېلىپ چىققان. خۇددى قەدىمكى گرېكلار ئولۇمپس (ئولۇمپىك) تېغىنى «خۇدالار دەرگاھى» دەپ قاراپ ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغانغا ئوخشاش، قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرمۇ «ئۆتۈكەن»، «خانتەڭرى»، «ئۇلۇغ ئاتا تاغ» (يەتتىسۇ ۋىلايىتىدە) قاتارلىق ئۈچ تاغنى «خۇدالار دەرگاھى» دەپ قاراپ، ئولۇمپس تېغىغا تەڭلەشتۈرگەنىدى. ⑧شۇڭا قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر شامانىزىم ئېتىقادى بويىچە، «يەر ئىلاھى» نىڭ ئۇنۇملۇك ۋەكىلى بولغان «ئۆتۈكەن تېغى»غا چوقۇنۇپ، مۇقەددەس ئىلاھ دەپ قارايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەڭگۈ تاشلاردا تىلغا ئېلىنغان «ئۆتۈكەن تېغى»نىڭ قانداق تاغ ئىكەنلىكىنى سۈپەتلەپ كەلگەن «ئىدۇق»(مۇقەددەس) سۆزىگە ناھايىتى چوڭقۇر مەنا سىڭگەن بولۇپ، مۇشۇ بىر سۆزدىنلا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچلۈك شامانىزىملىق ئېتىقادىنى چۈشىنەلەيمىز.

(7) مەڭگۈ تاشلاردا كۆپ يەردە «سۈچىگ سەبى» (چۈچۈك سۆزلىرى) سۆزى ئۇچرايدۇ. بۇ يەردە «سۈچىگ» (چۈچۈك) سۆزى تەۋسىپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئوينايدىغان رولى ناھايىتى چوڭ. يەنى بۇ تېكىستىنىڭ ئاپتورى بۇ سۆزنى دەل جايىدا قوللىنىش ئارقىلىق تابغاچلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىك خەلق ئىكەنلىكىنى، شۇڭا تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئۇلاردىن دائىم ھوشيار تۇرۇشنى ئاگاھلاندۇرغان. ئەگەر بۇ يەردە «سۈچىگ» سۆزى كەلمەي «سۆزلىرى» دېگەن سۆز يالغۇز كەلسە، ئۇلارنىڭ «ئاغزى قايماق، كۆڭلى مايماق» ئىكەنلىكىدەك خاراكتېرىنى ئۇنۇملۇك يورۇتقىلى بولمايدۇ.

مەڭگۈ تاشلاردا تەۋسىپ بولغان سۆزلەرنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى:

مەڭگۈ تاشلاردا تەۋسىپ بولغان سۆزلەر ئىنتايىن ئىخچام، ئوبرازلىق، چۈشىنىشلىك، تىلى يەڭگىل بولۇپ، بىلدۈرمەكچى بولغان مەنانى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، مەڭگۈ تاشلاردا بىر ئۇقۇم ئىنتايىن قىسقا ئىبارىلەر بىلەن ناھايىتى چۈشىنىشلىك، ئوبرازلىق ئىپادىلەنسە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوخشاش ئۇقۇمنى ئىپادىلىگەن سۆزلەر ئۇنىڭدىن ئۇزىراپ كەتكەن ئەھۋاللار بار. بىز بۇنىڭدىن تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش كۈچىدە بەزىبىر چېكىنىشلەر بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالىمىز. مەسىلەن، ئىللىگ بۇدۇن (ئىلى بار خەلق)، كۈنگەدمىش قۇلادمىش بۇدۇن (دېدەككە ئايلانغان، قۇل بولغان خەلق)، ئاشسىز، تاشرا تونسىز، يابىز يابلاق بۇدۇن (يېگىلى

ئېشى يوق، كېيگىلى كىيىمى يوق يوقسۇل خەلق)، قاغانسىرامىش بۇدۇن (خاقاندىن ئايرىلغان خەلق)، ئايىغ كىشى (يامان نىيەتلىك كىشى)...... قاتارلىقلار. بۇ يەردە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىككى ياكى ئۈچ سۆز ئىپادىلىگەن بىر مەنا مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدە بىرلا سۆز بىلەن ناهايىتى گۈزەل، چۈشىنىشلىك، يەڭگىل تىل بىلەن ئىپادىلەنگەن. تەۋسىپ بولغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىسا ئادەم بىر خىل يەڭگىللىك، گۈزەللىك هېس قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سۆزلەرنىڭ ئىپادىلەش كۈچى ناهايىتى كۈچلۈك. بىر تىلدا ئىپادىلەنمەكچى بولغان ئۇقۇم قانچە ئاز، قىسقا سۆزلەر بىلەن تولۇق ئىپادىلەنسە، بۇ تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىلا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچى ناهايىتى يۇقىرى بولۇپ، بىز شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ تاكى كېيىنكى دەۋلەرگىچە ئۇيغۇر تىلىنىڭ نېمە ئۈچۈن بارلىق تۈركىي تىللىق قەۋملەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولۇپ قالغانلىقىدىن هەيران قالمىساقمۇ بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق ساپ ئۇيغۇرچە بولغان يېقىملىق سۆزلەر هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلىدىغان ۋە يېڭى سۆز ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان بولسا، ئۇ هالدا تىلىمىزدىكى بەزىبىر ئەبجەشلىكلەر، يات تىللاردىن كىرگەن چۈشىنىكسىز سۆزلەر تۈگەپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچى تېخىمۇ ئاشقان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەڭگۈ تاشلارنىڭ تىلى ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئالدىمىزدا تۇرىۋاتقان مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى.

مەڭگۈ تاشلاردا تەۋسىپ بار بولغان سۆزلەرنىڭ سۆز تۈركۈمى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى:

ئۈچ مەڭگۈ تاش تېكىستىدە جەمئىي 115 تەۋسىپ ئىشلىتىلگەن. بۇ تەۋسىپلەر سۆز تۈركۈمى جەھەتتىن ئاساسەن سۈپەتلەردىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە كۆپ قىسىم سۈپەتلەر بىرلا سۆزدىن تەركىب تاپقان ئاددى سۈپەتلەردۇر. يەنى بىر قىسىملىرى سۆز بىرىكمىلىرىدىن هاسىل بولغان سۈپەتلەردۇر. بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا بىرلا سۆزدىن تەركىب تاپقان سۈپەتلەر (يەنى تەۋسىپلەر) هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۆز بىرىكمىسى بولۇپ كەتكەن. بىز مۇشۇ نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆزى يىغىنچاق، ئەمما ئىپادىلەيدىغان مەنىسى چوڭقۇر سۆزلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

قىسقىسى، مەڭگۈ تاشلاردا ئىشلىتىلگەن تەۋسىپلەرنىڭ تۈرى كۆپ، مەزمۇنى مول بولۇپ، بۇ تەۋسىپلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق، بىز خەلقىمىزنىڭ ئەينى چاغدىكى دىنىي ئېتىقادى، هاياتى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە تەبىئەتنى قىزغىن سۆيىدىغان روھىيىتىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. بۇلار شۇ دەۋرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال ئاساسى بولالايدۇ. بىز يەنە تەۋ-

سىپلەردىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈكلىكىنى، مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ ئەينى زامانىنىڭ ماھىر تىل ئۇستىلىرىدىن ئىكەنلىكىنى، ئەينى زامان يازما ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ يۇكسەك بىر پەللىگە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەڭگۈ تاش تېكىستىنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ بەدىئىي تىلى، يېزىش ئۇسلۇبى ۋە تەپەككۇرى ئىنتايىن پىشقان بولۇپ، بۇ ئاپتورلارنى ئەينى دەۋر يازغۇچىلىرى ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يازغۇچىلار دەپ ئېيتالايمىز. بۈگۈنكى كۈندە بۇ خىل ئىستىلىستىكىلىق ئامىللارنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يولى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاكتىپ ئامىللارنى قېزىپ چىقىرىش ئارقىلىق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇشتا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە.

يۇقىرىقى تەۋسىپلەر ئورخۇن - يىنسەي مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە دەپ قارالغان «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» ۋە «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» قاتارلىق ئۈچ ئابىدىدە قوللىنىلغان تەۋسىپ سەنئىتى توغرىسىدىكى پەقەت دەسلەپكى ئىزدىنىش، خالاس. ئەلۋەتتە، بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

پايدىلىنىلغان مەنبەلەر:

1. ①②③④ زەمىر سەيدۇللا: «بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى تەۋسىپ سەنئىتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 1998 - يىللىق 1 - سان

2. ⑤ ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن، «ئېدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى توغرىسىدا»، ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 2002 - يىللىق 3 - سان

3. ⑥ ئابدۇبەسىر ئابدۇشۈكۈرى، «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئات مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، شىنجاڭ سىفەن داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى، 1993 - يىللىق 4 - سان

4. ⑦⑧ يۇسۇپجان ياسىن، قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ شامانىزىم ئېتىقادىدىكى مۇقەددەس تاغ «ئۆتۈكەن» توغرىسىدا، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى 1995 - يىللىق 2 - سان

5. ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن، «مەڭگۈ تاشلاردىكى «تەڭرى» مۇقەددەسلىكى»، ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 1996 - يىللىق 4 - سان

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى كەسپى 2004 - يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)



# قىزىمغا......

پەرىدە ئەمىن

سۆيۈملۈك قىزىم، كۆن، ئايلار ئىنتايىن تېز ئۆتمەكتە. ئاپا بولماق تولىمۇ مۇشكۈل، شۇنداقلا ئاجايىپ شەرەپلىك ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى چوڭقۇر چۈشەنمەكتىمەن. چۈنكى «ئانا بىر قولىدا بۆشۈك تەۋرەتسە، يەنە بىر قولىدا پۈتۈن جاھاننى تەۋرىتىدۇ.» بۇ پەقەت مەسئۇلىيەتچان ئاپىلارغىلا بېرىشكە لايىق باھا. چۈنكى، ئەتراپىمىزدا بالا تۇغۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئاپىلارمۇ يوق ئەمەس ......

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر ياش يىگىت بالىسى يېشىغا يەتكەندە بىر ئالىمنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە: «ھۆرمەتلىك ئۇستاز، بالام بۈگۈن دەل بىر ياشقا كىردى. مەن بالامنى ھازىردىن باشلاپ ياخشى تەربىيىلىمەكچىمەن. شۇڭا، بالامغا ئەڭ ئاۋۋال نېمىنى ئۆگىتىشىم كېرەك ئىكەنلىكىنى سىلىدىن سورىغىلى كەلدىم» دەپتۇ. ئۇستاز يىگىتكە قاراپ بېشىنى چايقاپتۇ ۋە: «سەن خېلىلا كېچىكىپسەن، چۈنكى سەن بالدۇرراق — يەنى، ئۆيلىنىشتىن ئىلگىرى بۇنى ئويلىشىڭ كېرەك ئىدى. ئاۋۋال بالىنىڭ ئاپىسىنى ياخشى تاللىشىڭ كېرەك. بالا قورساقتا چاغدىلا ئانىسىنىڭ بارلىق خوي - پەيلى قان ئارقىلىق بالىغا ئۆتسە، بىر يىل جەريانىدا سۈت بىلەن قوبۇل قىلىدۇ ... دېمەك ئەمدى ئۆلگۈرەلمەيسەن...» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن.

ئۇلۇغ بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنياۋى ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك»تە: «بىر ئائىلىنىڭ پۇلى، نەسەبى، گۈزەللىكى ۋە ئېتىقادىدىن بىرىنى تاللاپ ئۆيلىنىسەن. ئېتىقادلىق ئائىلىگە ئۆيلەن، بولمىسا قولۇڭ بۇلغىنىدۇ» دەيدۇ.

ئەرلەر ئىلىم ئارقىلىق ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرسا، قىزلارنىڭ بىلىمى ئەۋلادلارنى يەنى — پۈتۈن بىر مىللەتنى تەربىيىلەپ چىقىدۇ، ئەمەسمۇ!

دېمەكچى بولغىنىم، قىز دېمەكلىك، ئانا دېمەكلىكتۇر. كەلگۈسىدە پەرزەنتلىرىڭىز سىزدىن ئىپتىخارلانسۇن، ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېس قىلسۇن.

جېنىم قىزىم، ئۆزىڭىزنى داۋاملىق يۈكسەلدۈرۈڭ، ئۆگىنىشنى ھەرگىز توختىتىپ قويماڭ. «ئىلىم ئۆگىنىش — بۆشۈكتىن تۆشۈك (قەبرە) كىچە» دېگەن ھەدىس

بىر مىنۇتمۇ ئېسىڭىزدىن چىقمىسۇن.

كۆزۈمنىڭ گۆھىرى قىزىم، ۋىجدانىڭىز ۋە قەلبىڭىزنىڭ ئەينىكىنى ياشلىقنىڭ ھەۋەسلىرى، بىھۇدە مەنىسىز ئىشلارنىڭ چاڭ - توزانلىرى بىلەن خىرەلەشتۈرۈپ قويماڭ.

«قۇتادغۇبىلىك» تە:

كىشى ئوغلى سۆندى قارا يەرگە قول،
بىلىم بىرلە تاپتى ھەرنەرسىگە يول.

(ئىنسان زېمىندىن ئۆزىگە ئېھتىياجلىق نەرسە ئىزدەپ تىرىشتى، ئۇ ئاخىرى بىلىم ئارقىلىقلا ھەممە نەرسىگە يول تاپتى.) دېسە، يەنە تۆۋەندىكى مىسرالىرىدا:

ئۆزۈڭ مەڭگۈ ئېرمەس ئېتىڭ مەڭگۈ ئول،
ئېتىڭ مەڭگۈ بولسا، ئۆزۈڭ مەڭگۈ ئول.

(ئىنسان بۇ دۇنيادا مەڭگۈ قالالمايدۇ. ئەمما نامى مەڭگۈ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ دۇنيادا نامىڭ مەڭگۈ قالسا، ئۆزۈڭنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشكىنىڭ شۇ ئەمەسمۇ) دېيىش ئارقىلىق بەرىبىر ھەرقانداق ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادىن كېتىدىغانلىقى؛ لېكىن مەڭگۈلۈك ھاياتقا پەقەت پايدىلىق ئىلىمنىڭلا ئېرىشتۈرەلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ يەنە:

بۇزۇلغاي جاھان، بارچە قالغاي قۇرۇپ،
ئادەم بالىلىرىدا كېسىلگەي ئۇرۇق.

(قەھەتچىلىك بولغاندا، خۇددى دەل - دەرەخلەر يىلتىزى بىلەن قۇرۇپ كەتكەندەك، جاھان بۇزۇقچىلىق بىلەن تولغاندا ئىنسانلارنىڭمۇ نەسلى قۇرۇپ كېتىدۇ) دېگەن دەھشەتلىك بىر ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، ئىنسان بولۇپ يارالغان ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتلار ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەزىز بولۇپ يارالغانلىقىغا شۈكرى قىلىپ، ئادەمگە ئوخشاش ياشىمىقى لازىملىقى، گۈزەل ئەخلاق، ئىلىم ئۆگىنىش، ياخشى خۇلق، راستچىللىق ...... قاتارلىق ئىنسانغا خاس پەزىلەتلەرنىڭ جەمئىيەت قىياپىتىنى تۈزەش بىلەن بىللە ھاياتلىقنىڭ قىممىتىنى نامايەن قىلىشتا تولىمۇ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

دانالار: «بىلىملىك ۋە ئەقىللىق ئوغۇل - قىزلىرى كۆپ بولمىغان ۋەتەن تەلىيى

پۇچۇق ۋەتەن. چالا ساۋات يۇرتتا شىجائەت نىمجان، ئۇمىدنىڭ قانىتى سۇنۇق بولىدۇ» دېگەن. شۇنداقلا نەۋائى: «بىر ئادەم ئىلىمدا ۋايىغا يەتكۈچە بىر قەرنە (ئوتتۇز يىل) ئۆتىدۇ» دېگەنىدى. شۇڭا، ئىلىم ئۆگىنىش ناھايىتى جاپالىق ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك تىرىشىشتۇر.

نەۋائىنىڭ يەنە مۇنداق بىر مەشھۇر بېيىتى بار:

ھەق يولىدا كىم ساڭا بىر ھەرپ ئوقۇتمىش رەنج ئىلە،
ئەيلەمەك بولماس ئانىڭ ھەققىن ئەدا يۈز گەنج ئىلە.

دېمەك، شېئىردا ھەق يولىدا جاپا چېكىپ بىر ھەرپ ئۆگەتكەن كىشىنىڭ ھەققىنى ھەرقانچە زور بايلىق بىلەنمۇ قايتۇرغىلى بولمايدىغان قەرزدارلىق تۇيغۇ ئىپادىلەنگەن. خەلقىمىز ئىچىدە ئەزەلدىنلا بىلىملىك كىشىنىڭ ئورنى يۈكسەك بولۇپ كەلگەن. شۇڭا ئۇلۇغلار: «ئالىمنىڭ ئۆلۈمى، ئالەمنىڭ ئۆلۈمى» دېيىشكەن. ھەقىقىي ئالىمدىن قانچىلىك كۆپ ئىلىم مىراس قالمىسۇن، لېكىن ئۇ بەرىبىر ناھايىتى چوڭ بىر مەنىۋى دۇنيانى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كېتىدۇ. بۇنى نەۋائى مۇنداق بىر ھېكايەت ئارقىلىق شەرھىلىگەن: زامانىسىنىڭ مەشھۇر ئالىمى ئىمام پەخرىددىن رازى ئۇزاق يول يۈرۈپ خارەزمگە كېلىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مۇھەممەد خارەزمشاھ ئالىمغا پەرۋا قىلمايدۇ. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى كۈتۈلمىگەندە شاھ بىلەن ئالىم مۇنچىدا ئۇچرىشىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا شاھ قىيامەت ئىشلىرى توغرىسىدا پەخرىددىن رازىدىن سورايدۇ. «ئەي، قىيامەت كۈننى بىلىشنى ئارزۇ قىلغان ئادەم! سېنىڭ سوئاللىرىڭغا جاۋاب بېرىدىغان ئەڭ مۇناسىپ جاي مۇشۇ مۇنچىدۇر. قىيامەتتىمۇ شاھ ۋە گاداي ھەممىسى بىر خىل ئەھۋالدا — يالىڭاچ بولىدۇ. نە شاھ، نە ئەمەلدار ھېچكىم ھېچنەرسىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. سەن بۇ مۇنچىغا نېمەڭنى ئېلىپ كىرەلىدىڭ؟ ھېچ نېمىنى! تاجۇ تەخت، خەزىنە دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى تاشقىرىدا قالدى. ئىلىم - ھۈنەر ئىگىلىرىچۇ؟ ئۇلارنىڭ بايلىقلىرى مېنىڭكىگە ئوخشاش ھەممىسى ئۆزلىرى بىلەن بىللە» دەپ جاۋاب بېرىدۇ ئالىم.

قاراڭ! نېمىدېگەن راست سۆزلەر بۇ! ھەقىقەتەنمۇ ئوغرى - قاراقچى ئالالمايدىغان، ھېچكىممۇ تارتىۋالالمايدىغان، مەڭگۈ ئۆزىڭىزگە ھەمراھ بولىدىغان بىردىنبىر بايلىق پەقەت بىلىمدۇر. نەۋائىنىڭ تۆۋەندىكى نەسىھەتلىرى مەڭگۈ كونىرىمايدۇ: «بىلىمگەننى سوراپ ئۆگەنگەن — ئالىم، ئاز بىلىپ سورىمىغان ئۆزىگە زالىم. ئاز - ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر، قەترە - قەترە يىغىلىپ دەريا بولۇر». شەيخ سەئدى:

ھەرچەند ئوقۇپسەن بىلىمدانىسەن،
ئەگەر ئەمەل قىلمادىڭ نادانىسەن.

ئۈستىگە كىتاب ئارتىلغان ئېشەك،
يا ئالىم، يا دانا ئەمەستۇر بىشەك.

(سەن قانچىلىك كۆپ ئوقۇپ، نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگەنگەن بولساڭمۇ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىساڭ، شەكسىز سەن بىر نادان. ئۈستىگە نۇرغۇن كىتاب ئارتىلغان ئېشەك ئۈستىدىكى كىتابلار تۈپەيلى يا ئالىم ياكى دانا بولالمايدۇ، بۇ ھەقىقەت.) دەپ يازىدۇ.

نەۋائىمۇ سەئدىنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ: «ئىلمىگە ئەمەل قىلمىغان ئالىم — ئۈستىگە كىتاب ئارتىلغان ئېشەككە ئوخشاشتۇر» دېگەن. بۇنىڭدىن ئىلىم ئۆگىنىش-نىڭ شۇنداقلا ئۇنى ئەمەلدە ئىشلىتىشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

بىر ئادەم ھاياتىنى، ئۆمرىنى نېمىلەرگە بېغىشلىدى، ئۇ قانداق سۈپەتلەرگە ئىگە؟ مۇھىمى ئۇنىڭ قەلبى زادى قانداق ئىدى؟ دېگەنلەرگە قاراپ ئۇنىڭغا باھا بېرىلىدۇ.

ئاڭلاڭ، قەدىرلىك قىزىم! دۇنيادا شۇنداق بىر تۇيغۇ باركى، ئۇ ھەرقانچە خارلاذ-سىمۇ، قىلچىلىك ئەھمىيىتىنى يوقاتمايدۇ. ئەنە شۇ تۇيغۇ — ۋاپادۇر. بۇ ھەقتە نەۋائى مۇنۇ مىسرالارنى قالدۇرغان:

نېچە سەمەر ساچماغ بولسا شاخ ئىشى،
كۆپرەك ئاتار تاش ئانى تەرگەن كىشى.

ھەقىقەتەن، مېۋىلىك دەرەختە مېۋە قانچىلىك كۆپ بولسا، مېۋىنى تەرگۈچىلەر ئۇنىڭغا شۇنچىلىك كۆپ تاش ئېتىپ، مېۋىنى چۈشۈرۈپ يەيدۇ. ئىلىم ئەھلىگە جاھىل - نادانلارنىڭ زۇلمى تەييار، ئەمما قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ئۇ يارد-ماسلار بىلەن ھېچكىمنىڭ ئىشى يوق، كىممۇ مېۋىسىز دەرەخكە تاش ئاتسۇن؟ نەۋائى يەنە: «ھەربىر كۆڭۈلگە ۋاپا ئورناشقان ئىكەن، ئۇنىڭغا ھايامۇ جايلىشىدۇ. ھاياسىزلىق دېگەن نېمە؟ ئۇ نومۇسنى قايرىۋېتىش، ئۇياتسىزلىقنى ئادەت قىلىشتەك يۈزسىزلىك-تۇر. ھايا ئىنساننى ھايۋاندىن قانچە يىراقلاشتۇرسا، ھاياسىزلىق ئۇنى تىلسىز مەخ-لۇقلارغا شۇنچە يېقىنلاشتۇرىدۇ. ھاياسىز، بىۋاپا ئادەملەردە غورۇر ۋە ئەقىل - پاراسەت بولمايدۇ. ئۇلار پاك كىشىلەرنىڭ قەلبىنى قان قىلىدۇ،» دەيدۇ.

نەۋائى يەنە ئاچ كۆزلۈك ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاچكۆز ئادەم ئەقلىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمايدۇ، شەيتاننىڭ بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ چارچىمايدۇ. ئۆز نەزەرىدە ئۆزى ئىنتايىن دانا ۋە چېچەن، ئۆزىنىڭ ھەربىر بولمىغۇر ئىشى ئۆزىگە گۈزەل ۋە ئېسىل

كۆرۈنىدۇ».

ھەرقانداق ئىنسان ئانىدىن تۇغۇلغاندا پاك بولىدۇ. لېكىن يىللار ئۆتۈپ، ياش چوڭايغانسېرى ئىنسان كۆڭلىدىن بىمەنە ئارزۇ ـ ھەۋەسلەر ئورۇن تالىشىدۇ. ئەقىللىق ئادەم ئۇنىڭغا يول بەرمەسلىكى، ئۇلارنى يوقىتىش ئۈستىدىكى تەدبىرلەرنى ئويلىنىشى كېرەك.

قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى سوقرات: «دۇنيادا بىرلا ياخشىلىق بار، ئۇ — بىلىم، بىرلا دۈشمەن بار، ئۇ — نادانلىق» دېگەن. دۇنيادىكى ياخشىلىقلار ۋە ئالىيجانابلىقلارنىڭ ھەممىسى بىلىمنىڭ مېۋىسىدۇر. بارلىق جاھالەت، پەسلىك ۋە رەزىللىكلەر نادانلىقتىن باشلىنىدۇ. جاھاندىكى بارلىق قاتىللار ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىشتە نادانلاردىن پايدىلىنىدۇ.

ھايات كۈچلۈك ئادەملەرنى سۆيىدۇ، بەختسىزلىككە سۈكۈت قىلغان ئادەم ئەڭ ناداندۇر. كۈچلۈكلەر نادانلارنىڭ جەمئىيەت ھاۋاسىنى بەدبۇي قىلىشىغا، بۇلغىشىغا سۈكۈت قىلالمايدۇ. جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىز بولغان ھەرقانداق ئادەم پەقەت ئىلىم ئارقىلىقلا ئەڭ كۈچلۈك ئىنسانلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ.

يۈرىكىمنىڭ قۇۋۋىتى قىزىم! ئۈمىد ـ ئارزۇيىڭىزغا يېتىشتە قانچىلىك تىرىشسىڭىز شۇنچىلىك نەتىجىگە ئېرىشمەي قالمايسىز، ھايات دېگەن مانا شۇ. سىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىڭىزدا چەكسىز كۈچ ـ قۇۋۋەت مەۋجۇت. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئالاھىدىلىكىڭىزنى جارى قىلدۇرغان چېغىڭىزدىلا ئەنە شۇ كۈچ ھاياتىڭىزدا ھەيران قالغۇدەك نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ. ناۋادا كاللىڭىزغا ئۆزىڭىزگە ئىشەنمەيدىغان بىرەر خىيال كىرگەن ھامان، ئۆزىڭىزنىڭ باشقىلاردا يوق ئالاھىدىلىكىڭىزنى دەرھال ئېسىڭىزگە كەلتۈرۈڭ. كۆڭلىڭىزگە ھەرگىزمۇ تۇسالغۇ پەيدا قىلىۋالماڭ.

ھازىر سىز مەيلى قانچىلىك قىيىنچىلىق شارائىتتا ياشىماڭ، ئەنە شۇ ناچار مۇھىت تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ كەتمەي، مۇستەھكەم تۇرۇشىڭىز، نىشانىڭىزغا يېتىش ئۈچۈن بىرقەدەم بولسىمۇ ئىلگىرىلىشىڭىز كېرەك، مانا بۇمۇ غەلىبە.

ھاياتتا دائىم ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولىۋەرمەيدۇ. قورۇق خىيال بىلەن قىيىنچىلىقنى يېڭىش مۇمكىن ئەمەس. ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز ئىلھام بېرىشنى، ئېتىقادىڭىزدا چىڭ تۇرۇشنى، تىنماي تىرىشىپ ـ تىرمىشىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. ئېتىقادسىز ئادەمنىڭ قولىدىن چوڭ ئىشلار كەلمەيدۇ. «ھەرقانداق يامان كۈنگە قالسامۇ غايەمدىن ۋاز كەچمەيمەن» دېگەن نىيەت بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ يەتمەكچى بولغان نىشانىڭىزدا چىڭ تۇرۇڭ. قانداقلا ئىشتا بولسۇن، ئادەم ئۆزىگە ئىشىنىشى، ھەرگىزمۇ يەڭگىللىك بىلەن نىشانىدىن ۋاز كەچمەسلىكى، باشقىلارنىڭ سۆزى بىلەن كەينىگە چېكىنمەسلىكى كېرەك. يۈرىكىڭىزدىكى ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى يالقۇنلاپ، ياخشى ئارزۇلىرىڭىز يۈرىكىڭىز-

گە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەندە ھەرقانداق ئۈگۈنۈشسىزلىق ئۇنى يوقىتىۋېتەلمەيدۇ.

سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئوبرازىغا ئىشەنچ بىلەن ئېتىقادنى سىڭدۈرۈۋېتىڭ، ئۇ چاغدا سىزنى ھېچكىم ئۈمىدسىزلەندۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ.

ئاسان جىددىيلىشىش، ئاسان ئاچچىقلىنىش ئادەمنىڭ خاراكتېرىدىكى ئەڭ چوڭ كەمتۈكلۈك. ئۇ زىددىيەتنى تېخىمۇ كۈتكۈرلەشتۈرۈپ، ھايات مىزاننىنى بۇزۇۋېتىدۇ. دۇنيادا ئادەت خاراكتېرلىك ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئېلىپ كەلگەن خاتىرجەملىكتىنمۇ ئېسىل نەرسە بارمۇ؟ ئىنكاسىنىڭ بەك تېز بولۇپ كېتىشى كۆپ ھاللاردا ئەتراپلىق ئويلىنىشقا توسالغۇ بولۇشى مۇمكىن. تەمكىنلىك ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىشقا ۋاقىت يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئېسىل پەزىلەت. بۇ ئارقىلىق سىز ئەقىل بىلەن كۆزىتىپ، ھەممىنى ئالىقىنىڭىزدا تۇتۇپ تۇرالايسىز. ئادەمنىڭ ھەممە ئىشقا ئەتراپلىق ھالدا ئەقلىنى ئىشلىتىشىگە ھېچقانداق نەرسە سوغۇق قانلىقتەك ياردەم بېرەلمەيدۇ. ئالدىراقسان ئادەملەر چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ، باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە قايىل بولۇشىغا ئېرىشەلمەيدۇ. ھەرقانداق چاغدا تەمكىن تۇرالايدىغان، ئۆزىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان ئادەملەر ئەقىل بىلەن ئىش قىلىدىغان، مۇكەممەل ئادەملەردۇر.

ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزى بىلمەيدىغان بىر ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنى تاشلىۋەتمەسلىكى، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا ئىشەنمەيدىغان پوزىتسىيىدە بولماسلىقى لازىم. نېمىشقا بەزى ئادەملەر روشەن ئىقتىدارغا ئىگە تۇرۇپ مەڭگۈ تېرىشمايدۇ؟ ئۇنداق كىشىلەر خۇددى ئالغا ئىلگىرىلەشتىن قورققاندەك ئۆز ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرماي، بىر ئىزدا ياشاۋېرىدۇ. ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ تىرىشقان كىشىلەر، ھاياتىدا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىگەن. دۇنيادا قىممىتى بار بىرەر ئىشنى قىلىشنى راستتىنلا ئويلىغان ئادەم، بۇ جەھەتتە ئازراق تەجرىبە ھاسىل قىلالىسىلا، ھاياتىي كۈچى تولۇپ - تاشقان بىر ئادەمگە ئايلىنالايدۇ. شۇڭا ھەرگىزمۇ بىرەر ئىشنى ئويلاشتىلا تۇرىۋەرمەي، شۇ ئويىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا جان - تېنىڭىز بىلەن تىرىشىڭ. سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش يولىڭىز قانچىلىك ئېگىز - پەس بولسىمۇ، ئالدىڭىزدا قانچىلىك توسالغۇلار بولسىمۇ نىشانىڭىزغا قاراپ قورقماي ئىلگىرىلەڭ. گۇمان - تەشۋىشلەر قەدىمىڭىزگە چۈشەك سالمىسۇن. ئىشنى يېڭى باشلىغاندا سىزنى بىخۇدلۇق باسمىسۇن. جۈرئەتلىك بولۇڭ، ھەرگىز قورقۇنچاق بولماڭ. باتۇرلۇق ۋە ئىشەنچ سىزگە دائىم ھەمراھ بولسۇن. سىز كۆزلىگەن نىشان ئەمەلىيەتتە تەسەۋۋۇرىڭىزدىكىدىنمۇ مۇھىم. ئۆزىڭىزنىڭ كۈچىگە ئىشىنىڭ، تېخى تولۇق ئېچىلىپ بولمىغان يوشۇرۇن ئەقىل - پاراستىڭىزنىڭ چوقۇم سىزگە ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىڭ. سىزنىڭ ئۆز غايىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىڭىزغا ھېچكىم توسالغۇ بولالمايدۇ. شۇڭا، ئارزۇ - ئۈمىدلىرىڭىزدىن ۋە

گۈزەل ـ غايىلىرىڭىزدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەڭ. ھەممىدىن مەھرۇم بولغان ھالەتتىمۇ كەينىڭىزگە چېكىنمەڭ. ھەرقانداق قىيىنچىلىق كۆزلىگەن نىشانىڭىزنى، غايىڭىزنى غۇۋالاشتۇرۇپ قويمىسۇن. ئۈمىدۋار ئادەملەر قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى ئەقلىنى ئىشلىتىپ، ئۇنىڭغا باتۇرلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئاخىرى ئۇ ئەڭ ياخشى، ئەڭ پايدىلىق نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ. قىيىنچىلىق ئادەمنى تاۋلايدۇ، چېنىقتۇرىدۇ.

قىزىم، ئويلاپ بېقىڭ، دوستلىرىڭىز دائىم «نېمىدىن قورقاتتىڭ» دېگەن سۆز بىلەن قورقماسلىق كېرەكلىكىنى ئىپادىلەيدۇ ـ غۇ؟ بۇ دۇنياغا لازىمى ئىرادىسىز، قورقۇنچاق ئادەملەر ئەمەس، بەلكى قانداقلا جايغا بارسا ھەممىنى بويسۇندۇرالايدىغان كۈچلۈكلەر. قورقۇنچاقلار يېقىن بارالمايدىغان قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەن كۈچلۈكلەر بۇ دۇنيانىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرى. ئىشەنچ ـــ قورقۇنچنى داۋالايدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك دورا. مەڭگۈ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ھاياتىڭىزدا قورقۇنچنى ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقىرىۋالماڭ. چۈنكى، ئىشەنچ ئۆز كۈچى بىلەن قورقۇنچنى ھەيدىۋېتەلەيدۇ.

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا ئارزۇ، پۇرسەت، ئېتىقاد بولۇش بىلەن بىللە يەنە سەۋرچانلىقمۇ بولۇشى كېرەك. سەۋر ـ تاقەتسىز ئادەمدە چىدام بولمايدۇ ـ دە، ئاسانلا بەل قويۇۋېتىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن، دەپ ئۆزىگە ئىشەنگەن، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى (كۈچىنى) ھەقىقىي تونۇپ يەتكەن ئادەملەرگە مەغلۇبىيەت يېقىن يولىمايدۇ. سىزنىڭ ھەممە بايلىقىڭىز يۈرىكىڭىزدە. سىز ئېھتىياجلىق بولغان بارلىق بايلىق سىزنىڭ ئىچكى قىسمىڭىزدىكى كۈچ. سىز ئەقىل، تەپەككۇر ۋە ئېتىقاد ئارقىلىق ئەنە شۇ روھىي كۈچنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشىڭىز مۇمكىن.

ھەرقانداق ئىشتا سەۋر ـ تاقەتلىك بولۇڭ. سەۋرچانلىق ئەقىلنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسىدۇر. ئالدىراقسانلىق قىلىش ياكى بىراقلا ئۆزىنى تاشلىۋېتىش جاھىللىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇڭا سەۋرچانلىقنى دوست تۇتۇڭ.

بارلىق كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ھەقىقەتلەر سىز تۇغۇلغاندىلا سىزنىڭ ئىچىڭىزدە سىز بىلەن بىللە مەۋجۇد بولغان. ئەگەر، بىر ئادەم نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلىپ، روھىي جەھەتتىن تەپەككۇر قىلسا، ئەقلىنىڭ تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئەڭ خەتەرلىك پەيتلەردە ئادەمگە كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە مەدەت بېرىدىغان نەرسە ئېتىقاد. ئېتىقادىڭىزنى مۇستەھكەملەڭ، قەلبىڭىزدە ئىشەنچ كۈچلۈك بولسۇن.

جىددىيلەشكەن چاغلىرىڭىزدا كۆزىڭىزنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ، كىچىك چاغلىرىڭىزنى ئەسلەڭ، ئۆسمۈرلەر سارىيىنى ئەسلەڭ، ئاپىڭىزنىڭ مۇڭلۇق ناخشىلىرىنى ئەسلەڭ ...... شۇ چاغدا سىز ئۆزىڭىزنىڭ يېنىكلەپ قالغانلىقىڭىزنى، ھەممە جىددىيلىكلەرنىڭ بىردەمدە غايىب بولغانلىقىنى ھېس قىلىسىز.

جېنىمنىڭ چېچەكى قىزىم! ئۈمىدۋار ئادەملەر ھەممە نەرسىنىڭ ياخشى تەرىپىنى كۆرەلەيدۇ، مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇرالايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى خۇشال بولۇپلا قالماي باشقىلارغىمۇ خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئادەم ئۇچۇن تەبىئىي خۇشخۇيلۇق زور بەخت.

ھاياتىمنىڭ سەرمايىسى قىزىم! قەلبىڭىزنىڭ پاكلىقى ۋە سەبىيلىكىڭىز تۇپەيلى باشقىلارنىڭ ئامانىتىنى قوبۇل قىلىشقا ئالدىراپ كەتمەڭ. چۈنكى، كىشىنىڭ ئامانىتىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى ساقلاپ بېرىشكە ئالدىراش ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىشقا ۋە جاپا ـ مۇشەققەتكە ئالدىراشتۇر. ئامانەتنى ساقلاش ئىنتايىن خەتەرلىك بىر ئىش. ئەگەر ئامانەت سىزنىڭ قولىڭىزدا يوقاپ كەتسە، ئۇنى ساقلىغانىنىڭ جاپاسى بىرياقتا قېلىپ، ئۆزىڭىز جېدەل ـ ماجىرا ۋە پاراكەندىچىلىكتە قالىسىز ھەمدە قەرزدار بولۇپ قالىسىز. ھەرقانچە سەۋەب كۆرسەتسىڭىزمۇ ھېچكىم سىزگە ئىشەنمەيدۇ. سىز ئۇنى خاھى ئۆز پېتى قايتۇرۇڭ ياكى تۆلەپ بېرىڭ، ئامانەت ئىگىسى سىزدىن خۇشال بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، «بۇ نەرسە ئۆزۈمنىڭ نەرسىسى ئىدى، يەنە ئۆزۈم قايتۇرۇۋالدىم»، دەيدۇ، خالاس. «ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، ئادىمىيلىك ۋە مەردلىكتىن يىراقتۇر». ئەگەر باشقىلارغا بىرەر نەرسىڭىزنى ئامانەت بەرمەكچى ياكى قەرز بەرمەكچى بولسىڭىز ئۇنىڭدىن ھۆججەت ئېلىۋېلىشنى ئۇنۇتماڭ. بۇ ھەقتە ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: «ئەي مۆمىنلەر، مۇددەت بەلگىلەپ ئۆز ـ ئارا قەرز بېرىشسەڭلار ئۇنى (ھۆججەت قىلىپ) يېزىپ قويۇڭلار ...» دېگەن (سۈرە بەقەرە 282 ـ ئايەتنىڭ بېشى).

خاتىرجەملىكنىڭ ئاساسى راست سۆزلەشتۇر. چۈنكى، دۇنيادىكى بايلىقلار راستچىل ۋە خالىس كىشىلەرگە مەنسۇپتۇر. ھەرقانداق چاغدا تىرىشچانلىق بىلەن ياشاڭ. كىشىلەرگە نىسبەتەن ھەرگىزمۇ ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلەتمەڭ. ئىشقىلىپ باشقىلار بىلەن ئېلىم ـ بېرىم قىلغاندا راستچىل بولۇشقا ئادەتلىنىڭ.

دانالار: «تۆت نەرسە ئىنسانغا زور بالادۇر. ئۇلارنىڭ بىرى، يامان قوشنا، ئىككىنچىسى، سېنىڭ ماڭغان ـ تۇرغىنىڭنى كۆزىتىپلا يۈرۈيدىغان ئادەم، ئۈچىنچىسى، پىتنىخور، تۆتىنچىسى، ھەسەتخور كىشىدۇر»دېگەنىكەن. شۇڭا بۇ جەھەتتىن قاتتىق ئېھتىياتچان بولۇڭ.

باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش سىزنىڭ شوئارىڭىز بولسۇن. چۈنكى، ياخشىلىقىڭىزغا نائىل بولغۇچى ھەمىشە سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى قايتۇرۇشنىڭ، سىزگىمۇ بىرەر ياخشىلىق قىلىشنىڭ كويىدا بولىدۇ. ئەگەر كىشىگە ئازار بەرسىڭىز، باشقىلارغا يامانلىق قىلسىڭىز، ئۇلارمۇ سىزدىن ئۆچ ئېلىش ۋە ئەدىپىڭىزنى بېرىشنىڭ كويىدا سىزنىڭ پېيىڭىزگە چۈشىدۇ. ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ ھامان قايتىپ كېلىدۇ. شۇڭا قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشنى قىلماڭ، دېيىشكە تېگىشلىك بولمىغان سۆزنى

دېمەك. باشقىلار قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىڭ، باشقىلار كۆزلىيەلمىگەن ئىشلارنى كۆزلەڭ! ئەگەر ئىمكانىيەت يار بەرسە ھاۋالىق، پاكىزە، چوڭ شەھەرلەردە ياشاڭ!

كۆزۈمنىڭ نۇرى قىزىم! سىزگە جېنىدىنمۇ ئارتۇق مۇھەببەت قويغان مېھرىبان ئاپىڭىزنىڭ رازىلىقى ۋە كۆڭۈل خۇشلۇقىنى ئىزدىسىڭىز، زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىكتىن ساقلىنىڭ. چۈنكى، ئادالەتسىزلىك ۋە زۇلۇم خۇددى چاقماقتا ئوخشاش چۈشكەن يەرنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كۆيدۈرۈپ، ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. مەن سىزنىڭ ئەسلىي زاتىڭىزدا يارالغان پاكلىق ۋە ئالىيجانابلىقلارنىڭ بارلىق يامانلىقلارغا يول قويمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ھەردائىم مۇلايىم، ئەدەپلىك ۋە مېھرىبان بولۇڭ قىزىم.

ھاياتىمنىڭ ئۈمىدى قىزىم! سىزنىڭ بەزىدە ئەتراپىڭىزدىكىلەردىن رەنجىپ قالىدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم پاراكەندە بولدى. ھەربىر ئادەمنىڭ تەربىيىلىنىش مۇھىتى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا ھەممىلا كىشىدىن چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى «پاختەكمۇ بىلگىنىنى چىللايدۇ» دېگەندەك، ھەركىم قانداق تەربىيىلەنسە شۇنداق قىلىدۇ. ئۆگەنگەن ھۈنىرىنى بازارغا سالىدۇ. ھەرگىزمۇ ياغاچچىلىقنى ئۆگەنگەن ئادەمدىن تۆمۈرچىلىكنى تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ. ئەڭ ئېسىل خىسلەت، ئاچچىقنى ۋە قەھرى - غەزەپنى يۇتۇشتۇر. مۇنداق بىر ھېكمەت بار: «غەزەپ بىر تاش، ئىنسان مىسالى كوزىدۇر. كوزىدا تاش بولسا، ھامان بىر كۈنى كوزىنى سۇندۇرىدۇ». جېنىم بالام، قەھرى - غەزەپلىك بولماي، مۇلايىم، شەپقەتلىك بولۇڭ. شۇنى بىلىۋېلىڭكى، سىز پەقەت گۈزەل خىسلەتلىرىڭىز بىلەنلا ھەممە كىشىنى ئۆزىڭىزگە رام قىلالايسىز، سىزگە ئازار بەرگەنلەرنى چىرايلىق، خۇش مۇئامىلىڭىز بىلەنلا ئۇيالدۇرالايسىز.

ھازىر ئاپىڭىزنىڭ كۆزلىرى ئاجىزلىشىپ نە يېقىننى، نە يىراقنى كۆزەينەكسىز كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن ئىلىمگە، ئۆگىنىشكە بولغان ئىشتىياق ئاپىڭىزنى ئارام ئېلىشنى تەرك ئېتىپ، تىنىماي تىرىشىشقا ئۈندەۋاتىدۇ. دېمەك، مەن ھازىر شۇنچىلىك بىر جاپالىق ھۇزۇر ئىچىدە ياشاۋاتىمەنكى، كۈندۈزى بىر مىنۇت ۋاقتىنىمۇ بىكار ئۆتكۈزمەي يېزىۋاتىمەن، ئوقۇۋاتىمەن، جەمئىيەتنى كۆزىتىۋاتىمەن، بىلگەنلىرىمنى قىزىققانلارغا ئۆگىتىۋاتىمەن، ئىلغار پىكىرلىك، غەرەزسىز، سادىق ھەدە - سىڭىللىرىم، دوست - بۇرادەرلىرىم ياكى كەسىپداشلىرىم بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ھەمسۆھبەتتە بولىۋاتىمەن. ھەتتا كۆپ ھاللاردا چۈشلۈك تاماق ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيماي، جىمجىت قالغان ئىشخانامدا كىتابلار دۆۋىسىگە چۆكۈپلا كېتىمەن. ئۇلار بېغىشلىغان شادلىقنى پەقەت ئۆزۈملا بىلىمەن. دوستلىرىم ماڭا ئۆزۈمنى ئاسرىشىم ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. ئەمما مەندە نە ئاچلىق، نە ھارغىنلىق بولسۇن؟ بۇنداق خاتىرجەملىك ۋە خۇشاللىقنى ھېچكىم ھېس قىلالمايدۇ. ئەمما، قىلىشقا

تېگىشلىك كۆڭدىلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ۋاقتىدا ئورۇنلايمەن. ھەقىقەتنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن. كېچىلىرى چۈشۈمدىمۇ دائىم ئۇخلىغاندا يادلاۋاتقان ئىلىملارنى تەكرارلاپ، ياكى نېمىگىدۇر ئالدىراپلا يۈرىمەن. ھازىر مەندە ۋاپاسىزلارغا قېيداش، ئۇلاردىن ئاغرىنىش ياكى يەنە ئۇلاردىن ئۈمىدلىنىش دېگەندەك ئەھۋاللار تۇغۇلمىدى. دانىشمەنلەر: «يامانلاردىن ياخشىلىق كۈتمەك، ھايۋاننىڭ مۈڭگۈزىدىن گۈل ئېچىلىشنى ئارزۇ قىلىش بىلەن باراۋەردۇر» دېگەنىكەن. ئەمما ئادەم راسا پىشىپ يېتىلگەندە، پولاتتەك تاۋلانغان، دۇنيانىڭ ھېچقانداق نەرسىسىنى نەزىرىگە ئىلمايدىغان، ئېزىتقۇلارنى زاڭلىق قىلالايدىغان بولغان چاغدا ئۆمرى ئاخىرلىشىشقا يۈزلىنىدىكەن. يۈرەكتە مىڭلارچە ئارزۇ – ئارمان، ۋاقىت دولدۇلى بەكمۇ يۈگرۈك بولۇپ كېتىدىكەن. ياشلىقتا ئادەم نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، ھەربىر ئىشقا دۇچ كەلگەندە بىر قارارغا كېلەلمەي، نېمىگە قانداق تاقابىل تۇرۇشتا چارە تاپالماي گاڭگىراپلا ئۆتىدىكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئادەمنى بىر تەرەپتىن ئۆگەنگەن بىلىملىرى يېتەكلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇش چېنىقتۇرىدىكەن. خۇددى:

قەددىم ئوقتەك چاغدا دىلىم ئىدى يا،
دىلىم بولدى ئوق، قەددىم بولدى يا.

(قەددىم ئوققا ئوخشاش تۈز ‹ياشلىق› ۋاقتىمدا دىلىم ياغا ئوخشاش ئەگرى ئىدى. دىلىم ئوقتەك تۈزلەنگەندە قەددىم يادەك ئېگىلدى ‹قېرىدىم›).

دېگەندەك، ئادەم راسا ۋايىغا يەتكەندە ئۆمۈرمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالىدىكەن. بۇ ھاياتلىقتىكى تەبىئىي بىر قانۇنىيەت بولغاچ، ھېچكىممۇ بۇ قانۇنىيەتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ ۋە قارشىلىقمۇ قىلالمايدۇ. شۇڭلىغا يۈز مىڭ قېتىم شۈكرىكى، قەددىمۇ، دىلىمۇ ياغا ئوخشاش ئەگرى بولۇشتىن پاناھ بېرىپسەن، تەڭرىم!

ئەقىللىق قىزىم، سىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىلىملەرنىڭ بەكمۇ كۆپلۈكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزىڭىزنىڭ ھېچ نەرسە بىلمەيدىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىپ قايغۇرغانلىقىڭىزنى ۋە ۋاقىتنى چىڭ تۇتمىسىڭىز بولمايدىغانلىقىڭىزنى دېگىنىڭىزدە يۈرىكىم باشقىچە سوقتى، ھاياجاندىن كۆزۈمگە ياش كەلدى. نېمىشقا؟ دېمەمسىز گۈلۈم، مەن سىزنىڭ بىلىم خەزىنىسىنىڭ ئىشىكىنى ئىتتىرىپ ئاچقانلىقىڭىزنى كۆرگەندەك بولدۇم. سىز ئىشىكنى ئېچىپ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئاجايىپ بايلىقلارنى كۆردىڭىز... كۆرگەن ئىكەنسىز، ئەمدى چوقۇم شۇنىڭ كويىدا بولىسىز. ئىشىنىمەنكى، ئەنە شۇ ئىلىم – ھېكمەت خەزىنىسىنى قولغا كەلتۈرمەي بولدى قىلمايسىز.

(پەرىدە ئەمىن: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا كاندىدات ئالىي مۇھەررىر، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى)

# خوتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى

تۇرنىسا روزى



خوتەن ئۇيغۇرلىرى تارىخى ئۇزۇن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان، ئەمگەكچان، باتۇر خوتەن ئۇيغۇرلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىش ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى رايونىنى گۈللەندۈرۈشكە مۇھىم تۆھپە قوشقان.

خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت داۋامىدا، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇمىدۋار بولۇپ ئالغا ئىنتىلىش روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، يەرلىك مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى مۇجەسسەملەپ، ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيىتىنى ئىجاد قىلدى. ئۇيغۇر مەنىۋىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى. خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىر مۆجىزىدۇر.

ناتونۇش مۇھىتتا، نوپۇسى ئىنتايىن ئاز، دىنىي ئېتىقادى، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادىتى يەرلىك مىللەتلەرنىڭكىدىن ئۆزگىچە بولغان مىللەتنىڭ روناق تېپىپ، ئىقتىسادى گۈللەنگەن، مەدەنىيەت، ئىشلىرى خېلى تەرەققىي قىلغان، ئەتراپتىكى مىللەتلەر بىلەن ئىناق ئۆتكەن ھازىرقى خوتەن ئۇيغۇرلىرى بولالىشىدا، ئۇلارنىڭ ئەمگەكچان، باتۇر، ئاددىي - ساددا، شەرەپلىك ئەنئەنىگە ئىگە ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

خوتەن ئۇيغۇرلىرى دىنىي ئېتىقاد، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەت، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى جەھەتتە يەرلىك مىللەتلەردىن پەرقلەنگەچكە، ئۇزاق مۇددەت كەمسىتىلىپ كەلگەن، لېكىن ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىن ۋاز

كەچمىدى، بەلكى مۇشۇ ئاساستا باشقا مىللەتلەرنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆز مەدەنىيىتىگە سىڭدۈرۈپ، خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈردى.

تاۋيۇەن خوتەننىڭ غەربىدىكى دەرۋازا. بۇ ناھىيىدە ئېگىز تاغلار، ئېدىرلىقلار، تۈزلەڭلىكلەر، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر بار. بۇ يەر خوتەن بويىچە جۇغراپىيىلىك مۇھىتى مۇرەككەپ ناھىيىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ناھىيىنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، شۇڭا بۇ ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي تاپقان. بۇ ناھىيە خوتەن ئۆلكىسى بويىچە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ناھىيىدە شال، كېۋەز، قىچا تېرىلىدۇ، ئاپېلسىن، ياغاچ ماتېرىياللىرى، بېلىق قاتارلىقلار چىقىدۇ. بۇ ناھىيىدە كان مەھسۇلاتلىرى مول بولۇپ، تۆمۈر، ئاليۇمىن، مىس، ئالتۇن، سىنىك، ئالماس قاتارلىقلار بار. بولۇپمۇ ئالتۇن بىلەن ئالماس دۇنياغا داڭلىق. تاۋيۇەننىڭ گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسى، مول سەيلى ـ ساياھەت تەبىئىي بايلىقى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىپ كەلمەكتە.

تاۋيۇەن ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئاساسەن، فىڭشۇ ئۇيغۇر ـ خۇيزۇ يېزىسىدا ئولتۇراقلاشقان. پۈتۈن يېزىنىڭ كۆلىمى 58.95 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. 23 كەنتكە ئىگە. ئومۇمىي ئاھالىسى 30411 كىشى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 7688 كىشى، خۇيزۇلار 2316 كىشى. بۇ جاي شىنجاڭدىن قالسىلا ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان ئورۇن ھېسابلىنىدۇ.

خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ چاغدىي، تاۋيۇەن ئەتراپىغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىغا ئۇزۇن ۋاقىت بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ نوپۇسى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، خەنزۇلارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادىتىدە ئۆزگىرىش بولغان.

1. دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى

ئىسلام دىنى ئىنتايىن مۇستەھكەم ئېتىقادقا ئىگە بىر خىل دىن. تاۋيۇەن ناھىيىسىدىكى فىڭشۇ ئۇيغۇر ـ خۇيزۇ يېزىسى ۋە چىڭلىن خۇيزۇ ـ ئۇيغۇر يېزىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. تاۋيۇەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتىقادىدا «تۆت مىزان»، «سەككىز پرىنسىپ»، «ئالتە قائىدە»، «ئېتىقادنىڭ يەتتە ئامىلى»، «ئالتە چوڭ ئېتىقاد» بار ئىكەن. تاۋيۇەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ بايراملىرى ئاساسەن ئۈچ چوڭ بايرام بولۇپ، روزى ھېيت، قۇربان ھېيت، مەۋلۇتتىن ئىبارەت. بۇ بايراملار ئىسلام دىنىنىڭ ئورتاق بايرىمى، ئىسلام دەستۇرى بويىچە بېكىتىلگەن ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي بايرىمى. تاۋيۇەن ئۇيغۇرلىرى تا-

رىخنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىشى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولغان. ئۇلار يۇقىرىدىكى ئۈچ چوڭ بايرامنىڭ ئورنىغا باھار بايرىمى، يېڭى يىل بايرىمى، زوڭزا چاغىنى، تاۋۇز چاغىنى قاتارلىق بايراملارنى ئۆتكۈزىدىغان بولغان.

تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بەزى ئادەتلەر بار ئىكەن. مەسىلەن، فىڭشۇ ئۇيغۇر - خۇيزۇ يېزىسىدا ھازىرغا قەدەر قىسمەن ئائىلىلەردە قويماق سالىدىغان، قويماق يېيىشتىن بۇرۇن قەبرە يوقلايدىغان ئادەت ساقلىنىپ قاپتۇ. يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە قويماق سېلىش ئىشلىرى توي كۈنى، نەزىر كۈنلىرى، ھېيت كۈنلىرى، جۈمە كۈنلىرى ئېلىپ بېرىلىدىكەن. قەبرە يوقلىغاندا ئاخۇنۇم خەتمقۇرئان قىلىپ بېرىدىكەن. يەنە بۇ يېزىدا بىر مەسچىت بار بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا 300 ئادەم ناماز ئۆتەشكە بولىدىكەن. جۈمە كۈنلىرى بۇ يەردىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ قېرى - ياش، ئەر - ئاياللار جۈمە نامىزى ئۆتەش ئۈچۈن بۇ مەسچىتكە كېلىدىكەن. شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدىن پەرقلىنىدىغان يېرى ئاياللارمۇ قوربان ھېيت نامىزى ۋە جۈمە نامىزى ئۆتەيدىكەن ھەم مەسچىتكە بارىدىكەن.

تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر - بىرىنى كۆرگەندە سالام قىلىدىغان ئېسىل ئەنئەنىسىنى ساقلاپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئېچىدە ئاز ساندىكى چوڭ ياشلىق ئۇيغۇرلار بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە «سالام» دەپ ئامانلىق سورىشىدىكەن.

تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرى بىر فامىلىلىكلەر بىر يەردە ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئاساسەن ئىككى قەۋەتلىك بولۇپ، تۇرمۇشى خېلى ياخشى ئىكەن. ئۆيلىرىدە ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ ھەممىسى بار ئىكەن. جيەن فامىلىلىك ئۇيغۇرلار ئائىلىسىدە جيەن جەمەتىنىڭ جەمەت شەجەرىسىنى ئەتىۋارلاپ ساقلايدىكەن، ھەم بۇ جەمەت شەجەرىسىنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار ئىكەن. بۇ ياخشى ئادەتنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كەپتۇ.

نىكاھلىنىش ئىشلىرىدا ئۇلار ئەنئەنە بويىچە خۇيزۇلار بىلەن نىكاھلىنىدىكەن، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار خەنزۇلار بىلەنمۇ نىكاھلىنىدىكەن. بىراق، نىكاھلىنىشتىن بۇرۇن شەرت قويىدىكەن. تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىدىكى ئەڭ ئېنىق ئالاھىدىلىكى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئوغۇل - قىزلىرىنى ئۆزئارا نىكاھلاشتۇرمايدىكەن. ئادەتتە ئۇيغۇرلار خۇيزۇلار بىلەن نىكاھلىنىدىكەن. ئەگەر خەنزۇلار بىلەن نىكاھلانسا، چوقۇم شەرتنامە تۈزۈشى، يەنى خەنزۇ تەرەپ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ھۆرمەت

قىلىشقا رازى بولۇشى شەرت ئىكەن. تاۋيۇەن ئۇيغۇرلىرىدا ئوغۇل ئۆيلەش ئادەتتە، تونۇشتۇرۇش، تەلەپ قويۇش، چاي ئىچكۈزۈش، توي قىلىشتىن ئىبارەت تۆت باسقۇچتىن ئۆتىدىكەن. ھازىر يۇقىرىدىكى ئەنئەنىۋى توي قىلىش قارىشىدا زور ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئاساسەن خەنزۇلار بىلەن توي قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 90% تىن يۇقىرى ئىكەن.

2. خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى

خۇنەن ئۇيغۇرلىرى شىنجاڭدىن چىقىپ كەتكىنىگە 600 يىلدىن ئاشقانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ھازىر خەنزۇ تىلىنى قوللىنىشنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمان بولغانلىقتىن، بەزى چوڭ ياشلىق مۇسۇلمانلار ۋە مەخسۇس دىنىي مەكتەپلەردە تەربىيىلەنگەن ئۇيغۇرلار تۇرمۇشتا ۋە قىرائەت قىلغاندا ئەرەبچە سۆزلەيدىكەن ۋە يازىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چوڭ ياشلىق كىشىلەر ئۇيغۇر يېزىقىنى ئاز - تولا بىلىدىكەن، بەزى ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى قىلالايدىكەن، يېزىلىشى، تەلەپپۇز قىلىشى دېگەندەك جايىدا بولمىسىمۇ، ئۇلار نۇرغۇن مەخسۇس سۆز ئىبارىلەرنى يازالايدىكەن ھەم ئوقۇيالايدىكەن. مەسىلەن، «يەڭگە»، «ياخشى»، «رەخمەت»، «خوش»، «سىز ياخشىمۇ» دېگەندەك سۆزلەرنى بىلىدىكەن.

ھازىر خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ئومۇميۈزلۈك خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشىدۇ، خەنزۇ مەكتەپلەردە ئوقۇيدۇ. ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدىغان ۋە يازالايدىغانلار يوق دېيەرلىك. تارىخنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىنى ئاساسىي جەھەتتىن خەنزۇ تىلى ئىگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنى تەدرىجىي يوقاتتى. مىللەت تىلىنىڭ يوقىلىشى ياكى باشقىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشىنىڭ ھەممىسى، باشقا مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىش نەتىجىسىدە يۈز بېرىدۇ. تىل پەقەت تۇتاشتۇرۇش ۋە ئالماشتۇرۇش رولىنى ئويناپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇ بىر مەدەنىيەتنىڭ ئىدىيىۋى مايىللىقىنى بەلگىلەيدۇ. تىلنىڭ ئۆزگىرىشى، خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت ۋە ھېيت - بايراملارنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى بۇنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

3. خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم - كېچىكى

خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم - كېچىكى خەنزۇلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. پەرقلىنىدىغان يېرى، چوڭلار شۇنداقلا دىنىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيغۇر - خۇيزۇ مۇسۇلمانلار، ئىسلام دىنىنىڭ ئۈچ چوڭ بايرىمىدا، ناماز ئوقۇغاندا، دىنىي پائا-

لىيەتلەردە ۋە باشقا مۇھىم سورۇنلاردا، ئۇيغۇر ئەرلىرى چىمەن، بادام، گۈللۈك دوپپا، ئۇيغۇر ئاياللىرى قىزىل ـ يېشىل رەڭلىك، گۈل كەشتىلەنگەن دوپپىلارنى كىيىدىكەن. بەزى ئاياللار ياغلىق ئارتىدىكەن. بەزى پائالىيەتلەردە خوتەندىكى ئۇيغۇر ئاياللار چېچىنى بىر تال ياكى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ، بېشىغا دوپپا كىيىدىكەن. گەرچە بۇ جايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چىراي ـ شەكلى ئۆزگەرگەن، ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادىتى يوقالغان، تىل ـ يېزىقى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قەلبى ئۆزگەرمىگەن، ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى بولغانلىقىدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىدىكەن. شۇنداق بولغانلىقتىن ھەربىر ئۇيغۇر، خۇيزۇ ئائىلىسىدە ئاساسەن چىمەن، بادام دوپپا ۋە ئاق رەڭلىك خۇيزۇ دوپپىسىنى ساقلاش ئادىتى بار ئىكەن. (جيەن جەمەتىنىڭ 26 ـ ئەۋلادى ئۇيغۇر ئايال جيەن جىڭخۇڭنىڭ چېچىنى بىر تال ئۆرۈپ، بېشىغا بادام دوپپا كىيىۋالغان رەسىمنى نەزىرىڭىزگە سۇندۇق).

4. خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى

خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئاساسەن گۈرۈچ، كالا ـ قوي گۆشى، توخۇ، ئۆردەك، غاز گۆشى ۋە بېلىق، تۇخۇم قاتارلىقلارنى يەيدۇ. قىچا، چاي، خاسىڭ، پۇرچاق، توپان قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېيىنى ئىشلىتىدۇ. ئاخۇنلار بوغۇزلىغان چارۋا ـ ماللارنىڭ گۆشىنى يەيدۇ، ئۆلۈپ قالغان ھارام نەرسىلەرنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ. يېمەك ـ ئىچمەك تازىلىقىغا رىئايە قىلىش تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتىكى ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىي سۈپىتىدە بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

5. ئىقتىسادىي ئەھۋالى

تەبىئەت سىزگە بەرگەندەك، سىزمۇ تەبىئەتكە مېھرىڭىزنى بەرسىڭىز، ئالىدىغىنىڭىزنى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ تۇرۇپ ئالسىڭىز، تەبىئەت سىزگە شاپائەت ياغدۇرىدۇ. ئەگەر سىز ھەممىنى بۇزۇپ، تەبىئەتتىن تەلۋىلەرچە ئالسىڭىز، ئۇنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيەتلىرىنى كۆزگە ئىلمىسىڭىز، «ئەجدادىنىڭ بەرگىنىنى يەپ، ئەۋلادىنىڭ پېيىنى قىرقىيمەن» دېسىڭىز، ئۇ چاغدا سىزنىڭ ئىقتىسادىڭىز يۈكسىلىپ، پەن ـ تېخنىكىڭىز تەرەققىي قىلىپ، قانچىلىك قۇدرەتلىك بولۇپ كەتسىڭىزمۇ تەبىئەتنىڭ جازاسى ـ قىساسى ئالدىدا ئامالسىز قالىسىز.

تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرى ئەينى ۋاقىتتا جاپا ـ مۇشەققەتنى يەتكۈچە تارتقان. ئۇلار قاقاس يەرلەرنى، ئويمانلىقلارنى تىندۇرۇپ، سۇلۇق ئېتىزلىققا ئايلاندۇرغان، سازلىق ۋە تۆپىلىكلەرنى بىنەم يەرگە ئۆزگەرتكەن، چوڭ ـ كىچىك سۇ ئازگاللىرىنى قېزىپ، بېلىق كۆلچىكىگە ئايلاندۇرغان، سۇ، ئوت ـ چۆپ كۆپ جايلاردا كالا، قوي، ئۆردەك،

غازلارنى باققان. ئۇلار شال تېرىش، كېۋەز تېرىش، يىپ ئېگىرىش، رەخت توقۇش، ئۆي هايۋانلىرىنى بېقىش قاتارلىق دېهقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغان.

هازىر، تاۋيۈەن ناهىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار يېرى مۇنبەت، هۆل ـ يېغىنى كۆپ، كىلىماتى مۆتىدىل قۇياش نۇرى يېتەرلىك بولغان بېيىاڭخې دەرياسى ساهىلىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتقا ئىگە.

تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى تارىختىن بۇيان ئەنئەنىۋى كەسپى بولۇپ كەلگەن. تاۋيۈەندىن پاختا، چىگە ـ كەندىر، پىلە غوزىكى، تېرە، چاي قاتارلىقلار كۆپ چىقىدۇ. بۇ تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ توقۇمىچىلىق، كۆن ـ خۇرۇم ئىشلەش، چايچىلىقتىن ئىبارەت پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەۋزەللىككە ئىگە. ئۇلار ئىسلاهات، ئېچىۋېتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە ئائىلە پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنى قۇرغان. مەسىلەن:

تاۋيۈەن يېزىسىدا مۇسۇلمانچە كالا سويۇش ئورنى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بىر كالا گۆشى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى بار. بۇ زاۋۇتنى قۇرغۇچىنىڭ ئىسمى جيەن لىڭيى، ئۇيغۇر، يېشى 48 ياش. بۇ زاۋۇتقا 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بولۇپ، ئىگىلىگەن ئورنى 15 مو، هازىر بۇ مۇسۇلمانچە كالا گۆشى پىششىقلاپ ئىشلەش ئورنىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 907 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، يىللىق سېتىلىش سوممىسى 13 مىليون 63 مىڭ 700 يۈەن. يىللىق كىرىم 1 مىليون 451 مىڭ 500 يۈەنگە يەتكەن. بۇ ئورۇندا 122 خىزمەتچى ئىشلەيدۇ، 4 ئاخۇن مەخسۇس سويۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىدۇ.

بۇ يېزىدا يەنە ناهايىتى چوڭ توخۇ فېرمىسى، كالا فېرمىسى بار. توخۇ فېرمىسىنىڭ باشلىقى جيەن نىڭيى، ئۇيغۇر، 48 ياش. كالا فېرمىسىنىڭ شۆجيىگاڭ خۇيزۇ، 38 ياش. بۇ فېرمىدا 300 تۇياق كالا بېقىلىدۇ. هازىر بۇ كىشى يەنە بىر كالا گۆشى پىششىقلاش زاۋۇتى ئېچىشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى ئىشلىمەكتە. بۇ يېڭى زاۋۇتقا 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 35 مو يەر ئىشلىتىلمەكچى. 1000 كۋادرات مېتىرلىق سېخ قۇرماقچى.

بۇ يېزىدا جياڭيۈەن توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بار. ئۇ ئۇيغۇر ـ خۇيزۇ يېزىسىدىكى «باشلامچى كارخانا» بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرى بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدىن 2 نى، ئەلا سۈپەتلىك گۇرۇچ زاۋۇتى ۋە ياغ زاۋۇتىدىن 26 نى، يېزا، كەنت، گۇرۇپپا، دېهقان ئائىلىلەر ئىگىلىكىدىكى بېلىقچىلىق مەيدانىدىن

110 نى ۋە باغۋەنچىلىك مەيدانىدىن 500 نەچچىنى، پىچىنە ـ پىرەنىك زاۋۇتىدىن 4 نى قۇرغان. تاۋيۇەن يېزىسىدىكى ئۇيغۇرلار كوللېكتىپمۇ، شەخسلەرمۇ تەك بېيىدىغان يېڭى ۋەزىيەتنى ياراتقان. ئۇلار ئاساسەن شال تېرىش، بېلىق بېقىش، باقمىچىلىق، باغۋەنچىلىك قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. بۇ يېزىدا يەنە كۆلىمى ئانچە چوڭ بولمىغان چايزارلىق، يېڭىدىن ئېچىلغان ئىمپورت قىلىدىغان نەشپۈت يېتىشتۈرىدىغان نەشپۈتزارلىق، ئاپېلسىنزارلىق بار ئىكەن.

تاۋيۇەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش تارىخىمۇ ئومۇم ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا كۈرەش قىلىش تارىخىدۇر.

خۇنەندىكى ئۇيغۇرلار سىياسىي جەھەتتە ھەر مىللەت خەلقىگە ئوخشاش باباراۋەر بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن تولۇق بەھرىمەن ئىكەن. مەسىلەن، خۇنەندىكى مۇسۇلمانلار ھەر قانداق بىر ئورۇندا ئىشلىسە، ئۇلارغا ئايدا 100 يۈەن ياكى 50 يۈەن مائاشنى باشقىلاردىن ئارتۇق بېرىدىكەن.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش، تەربىيىلەش سىياسىتىگە ئاساسەن، تاۋيۇەن ناھىيىسىدىكى ھەرقايسى بۆلۈم، ئىدارە، كەسپىي ئورۇنلاردا ئۇيغۇر كادىرلار ۋە ئۇيغۇر ئىختىساس ئىگىلىرى بار ئىكەن. شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئەر ـ ئايال ئۇيغۇر كادىرلار ئىشلەيدىكەن. ئۇلار ئاساسەن خەلق ھۆكۈمىتى، مىللىي ئىشلار ئىدارىسى، مەكتەپ ... قاتارلىق مۇھىم ئورۇنلاردا ۋەزىپە ئۆتەيدىكەن. مەسىلەن، تاۋيۇەن ناھىيىلىك فېڭشۇ ئۇيغۇر ـ خۇيزۇ يېزىسىنىڭ يېزا باشلىقى جيەنجىڭخۇڭ 30 ياشلىق ئۇيغۇر ئايال. بۇنداق مىساللار خېلى بار. تاۋيۇەن يېزىسىدىكى ئۇيغۇر ئاياللار ئائىلە ئىشلىرى ۋە ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماستىن، ھەرقايسى ئورگان ۋە مەكتەپلەردە ئۆزلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇ. لاپارگ ئۆزىنىڭ «دىن ۋە كاپىتال» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە: «... ئاياللارنى ئىلاھىيلاشتۇرۇش ئەرلەرنى ئىلاھىيلاشتۇرۇشتىن بۇرۇن بولغان. مىتال پىششىقلاپ ئىشلەشتىن باشقا سەنئەت ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىكى بىرىنچى تۈركۈم ئىجادىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەر ئىلاھلارغا ئەمەس، بەلكى ئايال ئىلاھلارغا مەنسۇپتۇ» دېگەن. ماركس بولسا: «ئاياللاردىن ئىبارەت بۇ ئېچىتقۇ بولمىغان بولسا، ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ...» دەيدۇ. بۇنىڭدىن ئاياللارنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئوينىغان رولىغا سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

خۇنەندىكى ۋە تاۋيۇەن يېزىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆز تىرىشچانلىقى، غەيرەت ـ

شجائىتى بىلەن ئۆز يۇرتىنى گۈللەندۈرۈشكە، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئۆز تۆھپىسىنى قوشقان. شۇنداقلا يەنە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكىمۇ ئۆزلۈكسىز تىرىشىۋېتىپتۇ.

خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت ئۆزگىرىش جەريانى، بىر مىللەتنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى، كۆپ خىللىقىنى ھەمدە مۇرەككەپلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. خوتەندىكى ئۇيغۇرلار رايونىدا ئادەتتىكىدەك جەمئىيەت خاراكتېرلىك تەكشۈرۈش ھەم تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان. لېكىن، بىر مىللەت ئۈستىدە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىغان. مىللەتكە نىسبەتەن جەمئىيەتنىڭ ئېتىبار بېرىش دەرىجىسى تېخى يېتەرلىك بولمىغان. نوپۇس مەسىلىسى، مۇھىت مەسىلىسى، مائارىپ مەسىلىسى، سەھىيە مەسىلىسى، جەمئىيەت ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىر مىللەت چوقۇم يۈزلىنىدىغان مەسىلە. خوتەندىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى ئوخشاشلا بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەل بولۇشىغا تايىنىدۇ. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا ئانتروپولوگىيە جەھەتتىكى تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئىنتايىن رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، ئۇلار ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى پىششىق بىلىپلا قالماي، يەنى ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىي ئەھۋالىنى سىرتتىن كەلگەنلەردىن پىششىق بىلىدۇ. يەنە ئۇلار ئۆز يۇرتىنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن سىرتقى مەدەنىيەتنى ئالماشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك ھەم ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ.

ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە: ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىن بارغان ئۆز قېرىنداشلىرىغا ناھايىتىمۇ چوڭقۇر مېھرى ــ مۇھەببىتى بار ئىكەن. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ــ ئادەتلىرىنى، ئۇيغۇر تىل ــ يېزىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشنى، ئۆز مىللىتى بىلەن توي قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى تىل ــ يېزىقى بار، ئىسمى ــ جىسمىغا لايىق ھەقىقىي ئۇيغۇر مىللىتى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن.

ئۇلارنىڭ بىزگە بولغان دوستانىلىكى، خۇش مۇئامىلىسى، مېھماندوستلۇقى بۇنىڭغا ئىسپات بولالايدۇ.

پايدىلانمىلار:

1. چېن زۇنۋاڭ، جيەن ۋېن ئەسىرى. تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابلەت نۇردۇن، جۇمەخۇن «خوتەن ئۇيغۇرلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ــ يىلى 5 ــ ئاي 1 ــ نەشرى.

2. «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، (مەجمۇئە) مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 ــ يىلى 4 ــ ئاي 1 ــ نەشرى

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنىدا)



# مەڭگۈ ئۆچمەس ئابىدە، تۈگمەن

مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق شانلىق مەدەنىيەت تارىخىغا دەلىل ـ گۇۋاھ بولالايدىغان بۇ ئابىدە خاراكتېرلىك ھۈنەر ـ سەنئەت تۈرلىرىدىن بىرى بولغان تۈگمەننىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش جەريانلىرىنى ۋە ھازىرقى مەۋجۇت ئەھۋالىنى پىششىق بىلىش، تەتقىق قىلىش، قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى، جۈملىدىن ھۈنەر ـ سەنئەت، سانائەت، يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى، سۇ ۋە شامال كۈچىدىن پايدىلىنىش قاتارلىقلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى چۈشىنىشتە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، تۈگمەن بۈنىڭدىن 2 ـ 3 مىڭ يىللار مۇقەددەم ياسالغىنىغا قارىماي خېلىلا مۇرەككەپ تېخنىكا، ئىلمىي تەپەككۇر تەلەپ قىلىدىغان، فىزىكىلىق قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا سۇ كۈچى ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان مۇرەككەپ قۇرۇلمىدۇر.

تۈگمەن: نو (قوغاچ) چاقپېلەك، تۆمۈر ئوق، تەگلىك تاش، تۆپە تاش خامپا، تاقىلدىغۇچ، ئۆسكەن، تەڭشىگۈچ قاتارلىق مېخانىزملىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ئاشلىق ساقلىغىلى ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغىلى بولىدىغان مۇكەممەل ئۆي ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

نودىن چۈشكەن يۇقىرى بېسىملىق سۇ چاقپېلەككە ئۇرۇلغاندا چاقپەلەك چۆگىلەپ ئۇنىڭغا بېكىتىلگەن تۆمۈر ئوق ئارقىلىق كۈچ يۆتكىلىپ تۆپە تاش چۆگىلەيدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۆپە تاش ئوتتۇرىسىدىكى ئېغىزدىن قويۇلىدىغان ئاشلىق ئېزىلىپ ئۇن بولۇپ ياندىن خامپىغا تۆكۈلىدۇ.

بۇ خىل تۈگمەننىڭ ياسىلىش ۋە ھەرىكەتلىنىش جەھەتتىكى تېخنىكىلىق سەۋىيە تۈگمەن پەيدا بولغان شۇ ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن مۆجىزە خاراكتېرلىك ئىختىرا بولۇپ، خۇددى پار ماشىنىسىنىڭ، ئېلېكترنىڭ، ماشىنا، ئايروپىلانلارنىڭ ئىختىرا بولغىنىغا ئوخشاش دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش ئىدى. تېخنىكا سەۋىيىسى يۇقىرى دېگىنىمىزدە ئۆسكەندىكى ئاشلىقمۇ ئاددىيلا بىر تاقىلدىغۇچنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق تاش ئېغىزىغا خالىغان مىقداردا ئۆزلۈكىدىن تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. تەڭشىگۈچ ئارقىلىق

تاسىنىڭ ھەرىكەتلىنىش تېزلىكىنى ئاستىلاتقىلى، تېزلەتكىلى بولىدۇ. ئىلىم ـ پەن راۋاجلانمىغان، ئىنسانلار تەبىئەت ئالدىدا ئاجىز ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئاشۇ چاغلاردا ئادىيلا ياغاچچىلىق، تاشچىلىق ھۈنىرى ۋە سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ نەچچىلىگەن سايمان ـ جابدۇق، ماتېرىياللارنى ئىلمىي ئۇسۇل، تەبىئىي قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا چېتىپ، يۇرۇشلەشتۈرۈپ ئاشۇنداق بىر ماشىنىنى ياساپ ئۆز ئېھتىياجلىرىغا خىزمەت قىلدۇرۇش، ئاشۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم، تېخنىكا ئارقىلىق تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش، ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىنىڭ خېلىلا يۇكسەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

سۇ تۈگمىنىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى توغرىسىدا ھېلىغىچە جەمئىيەتتە ۋە ئىلمىي ساھەدىكىلەر ئارىسىدا ئوخشىمىغان باھا، قاراشلار مەۋجۇت بولسىمۇ، نەچچە يىللاردىن بۇيانقى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە خارابىيلىقلاردىن، يەر ئاستىدىن تېپىلغان قېزىلما ماتېرىياللار، ئاسارە ـ ئەتىقىلەر شىنجاڭدا تۈگمەننىڭ ئىپتىدائىي شەكلى بولغان يارغۇنچاقنىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرىدە بارلىققا كەلگەنلىكىنى دەلىللىدى.

1928 ـ يىلدىن تاكى 1990 ـ يىللىرىغىچە بولغان كۆپ قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە لوپنۇر ناھىيىسى سىڭىر خارابىسى، تۇرپان ئاستانە خارابىسى، ئارا تۇرۇك كارساڭ خارابىسى، قەشقەر كوناشەھەر قۇرۇقدالا خارابىسى، مورى ناھىيىسى سىداۋگو خارابىسى، خوشۇت ناھىيىسى شىنتاران خارابىسى، بۇگۇر ناھىيىسى چومباق قەبرىستانلىقى، قۇمۇل لاپچۇق قەبرىستانلىقى، ئاقسۇ كوناشەھەر قايغۇ خارابىسى، ئاتۇش كاتتايلاق يېزىسى قارادۆڭ خارابىسى، پەيزاۋات ناھىيىسى ئالتۇن دۆڭ خارابىسى قاتارلىق 100 گە يېقىن خارابىيلىقتىن يېڭى تاش قورال ۋە برونزا دەۋرىدىن خەن، سۇڭ سۇلالىسى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىگىچە بولغان ۋاقىتتا تەۋە شەكلى ئاساسەن ئوخشاش، دىئامېتىرى 30 ـــ 40 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 4-3-5. سانتىمېتىر كېلىدىغان تاش يارغۇنچاقلار ئارقا ـ ئارقىدىن تېپىلغان بولۇپ بۇ خىل سايمانلار ئۇيغۇرلار ئوۋچىلىق، چارۋىلىق ئىگىلىكىدىن دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتكەن مەزگىللەردە ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلگەن. بۇ خىل يارغۇنچاقلار بۈنىڭدىن تەخمىنەن 4-3 مىڭ يىللار بۇرۇنقى برونزا دەۋرىدە ياكى ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىنىڭ باشلىرىدا بىرقەدەر ئىلغارراق بولغان قول بىلەن چۆرۈيدىغان يارغۇنچاقلارغا ئۆزگەرگەن.

دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نوپۇس كۆپەيگەن. دېھقانچىلىق ئىگىلىكىمۇ كۆلەم جەھەتتە چوڭايغان. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئۇنغا، يېمەك ـ ئىچمەككە بولغان ئېھتىياجىمۇ ئاشقان. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىيەت يارغۇنچاقتىن چوڭ، ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان باشقا بىر قۇرۇلما، جابدۇقنى ياساشنى تەقەززا قىلغان. نەتىجىدە، ئەينى ۋاقىتتىكى تەجرىبىلىك ئۇستىلار ئەتراپلىق ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىش ئۈنۈمدارلىقى بىرقەدەر يۇقىرى، سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان، فىزىكىلىق

قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا قۇراشتۇرۇلغان دەسلەپكى ئىپتىدائىي ماشىنا ـــ تۇگمەننى كەشىپ قىلغان. ئۇيغۇرلار ياشىغان تاغ ـ تىزمىلىرى، دەريا بويلىرى، ئېگىز ـ پەس ۋادىلار سۇنىئي شاقىراتمىلارنى پەيدا قىلىپ، تۇگمەن چۆرۈشنىڭ شارائىتىنى ھا- زىرلاپ بېرەتتى.

1988 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىنى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارخېئولوگىيە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر كېرىيە مارجانلىق خارابىسىدىن تۇگمەن تېشى پارچىسىنى تاپقان. ئۇ ھازىرقى تۇگمەن تېشىغا ئاساسەن ئوخشايدۇ. ئالىملار 41C ئارقىلىق تەكشۈرۈپ بۇ تاشنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىن 7 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋرگە مەنسۇپلۇقىنى دەلىللىگەن.
يەنە 1990 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسى ئاچال يېزىسىنىڭ تەخمىنەن يەتتە كىلومېتىر جەنۇبىدىكى يايدىن تىم خارابىسىدىن بىر دانە تۇگمەن تېشى تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزىدە ئېرىقچىلار ۋە تۆشۈك بار. مەزكۇر خارابە شىمالىي سۇلالىلەردىن تاڭ سۇلالى- سىغىچە بولغان دەۋرگە مەنسۇپ.

يەنە 1990 ـ يىلى باغراش ناھىيىسىدىكى تابانجوكىن يېزىسىنىڭ شەرقىي شىما- لىدىكى خىڭدا خارابىسىدىن چىش ئوقۇرى چىقىرىلغان كەمتۈك تۇگمەن تېشى تېپىل- غان. بۇ خارابىنىڭ دەۋرى تاڭ سۇلالىسى زامانىسىغا توغرا كېلىدۇ.

يەنە 1990 ـ يىلى باي ناھىيىسى قىزىل يېزىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئۆتەڭ قورغىنىدىن سۇنۇق تۇگمەن تېشى تېپىلغان. مۇتەخەسسىسلەر ئۇنىڭغا KCP98 دەپ نومۇر قويغان.

يەنە 1989 ـ يىلى خوشۇت ناھىيىسىدىكى چىڭشۈيخې دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن تەگلىك تۇگمەن تېشى (ئاستىنقى پاي) تې- پىلغان. بۇ قەدىمكى شەھەر خارابىسى غەربىي خەن دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

تۇگمەننىڭ پەيدا بولغان دەۋرى (قەدىمىيلىكى)، تەۋەلىكى، رولى، تېخنىكىلىق دەرىجىسى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا ئوتتۇرا ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان تارىخنا- مىلەر، قامۇسلاردىمۇ ئېنىق بايانلار بار.

11 ـ ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق كىتابىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا تۇگمەندىن كەڭ تۈردە پاي- دىلانغانلىقى ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات كۆزگە چېلىقىدۇ: «دىۋان»نىڭ 1 ـ توم 528 ـ بېتىدە «kagut» (قاغۇت) سۆزى مۇنداق چۈشەندۈرۈلىدۇ: «قاغۇت تېرىقتىن قىلىنى- دىغان بىر خىل تاماق، ئۇنى قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق: تېرىق ئاۋۋال قاينىتىلىپ كې- يىن قۇرۇتۇلىدۇ، ئاندىن تۇگمەندە تارتىلىپ ئۇن قىلىنىدۇ. ئاندىن ياغ ۋە شېكەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ تۇغۇتلۇق ئاياللارغا بېرىلىدۇ».

يەنە «دىۋان»نىڭ 1 ـ توم 564 ـ بېتىدە: «katma» (قاتما) ياغدا پىشۇرۇلغان نې-

پىز نان، دېيىلگەن. ئېنىقكى نان بولغان ئىكەن، تۈگمەندە تارتىلغان ئۇندا پىشۇرۇلۇشى چوقۇم.

يەنە دىۋاننىڭ 1 - توم 590 - بېتىدىمۇ «yar kuq» (يەر كۆچ) سۆزى چۈشەندۈرۈلۈپ مۇنداق دېيىلگەن: «يەر كۆچ تونۇردىكى ناننى ئۆرۈپ - چۆرۈپ تۇرۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن قىلىچقا ئوخشاش ياپىلاق ۋە ئۇزۇنچاق قىلىپ ياسالغان ياغاچ پالاق». قايتا ئىزاھلاش ھاجەت ئەمەسكى، نان ۋە تونۇر ئەلۋەتتە تۈگمەندە تارتىلغان ئۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

يەنە «دىۋان»نىڭ 1 - توم 638 - بېتىدە «تىگۈرمە» سۆزى چۈشەندۈرۈلۈپ: «تىگۈرمە دۈگىلەك نەرسە، توقاچ، تۈگمەن تېشى ۋە تەڭگىگە ئوخشاش دۈگىلەك نەرسە» دېيىلگەن.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى يۇقىرىقى بايانلىرىدا يەنە ئۇيغۇرلار ھازىرقى كۈندىمۇ تۇرمۇشتا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان كاكچانان، چۆپلەرنى كۆپ جايدا تىلغا ئالىدۇ. شۇنداقلا «ئۆگىتچى» (ئۇن تارتقۇچى، تۈگمەنچى)، «ئىتەگۈ» (تۈگمەندە ئۇستىگە ئايلانغۇچ ياغاچ قولاق)، «تەگرمەن قوغۇشى» (نو، قوغاچ)، «سىبەك» (سوۋەك، تۈگمەن تېشىنى چۆرگىلىتىدىغان ياپىلاق تۆمۈر)، «سوكەن» (ئۆسكەن، تاشنىڭ تۆشۈكىگە دان تۆكىلىدىغان ياغاچ ساندۇق)، «توشورگى»، «يارماق ئۇن» دېگەندەك تۈگمەنگە ئالاقىدار ئىسىم - ئاتالغۇلارنى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن ئىزاھلاپ ئۆتكەن. بۇ شۇ زامانلاردا تۈگمەننىڭ ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا تازا ئومۇملاشقانلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

تۈگمەندىن ئىبارەت بۇ ئۆتمەس ئابىدە رېئال تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەردىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولمىش «غېرىب - سەنەم» داستانىدا غېرىب بىلەن ئۇستازى جۇنەيد باغدادى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناجاتلاردا مۇنداق مىسرالار بار:

جۇنەيد:

ئول نېمەدۇر سۇ ئىچىدە جانى بار؟
ئول قايسىدۇر ئوتراسىدا مېغىزى بار؟
ئول قايسىدۇر ھەر تەرەپتە ئېغىزى بار؟
ئوغلۇم ئاشىق بولسىڭىز ماڭا جاۋاب بەر.

غېرىب:

ئاۋازىدۇر سۇ ئىچىدە جانى بار،
دانىسىدۇر ئوتراسىدا مېغىزى بار،

تەگىرمەندۇر ھەر تەرەپتە ئېغىزى بار،
پىرىم ئۇستا، بولسىڭىز جاۋابىم شۇلدۇر.

شۇلاردىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە تۈگمەن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان تۇرمۇش ۋاسىتىسىغا ئايلانغان.

«جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قىسقىچە تارىخى» (1989 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى)دىمۇ مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلغان: 11 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلارنىڭ قول سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئىشلەتكەن ھەر خىل ئۇسكۈنە ئەسۋابلىرىدىن « ugati» (تۈگمەندە ئۇستىدە ئايلانغۇچى تاشقا ئورنىتىلغان قولاق)، «kuyuq» (قۇرۇچ، پولات)، «kezak» (كامان، گىلەم، بۆز توقۇشتا ئارقان بىلەن ئۆرۈشنى ئايرىپ تۇرىدىغان بىر خىل ئەسۋاب)، «qaqka» (چەچكە ــ بۆزچىنىڭ يىپ تارايدىغان تارغىقى)، «qegrik» (چىغرىق ــ تۈگمەن چاقى، چاقپىلەك، يىپ ئىگىرىدىغان چاق)لار بار.

تارىخچى لىيۇزىشياۋ ئەپەندى يازغان «ئۇيغۇر تارىخى» دېگەن كىتابتا (1984 ـ يىلى 1 ـ نەشرى) ئورقۇن ئۇيغۇر خانىدانلىقى (7 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇيغۇر خانىدانلىقىنىڭ پايتەختى، ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى قارابالغاسون خانىدانلىقىنىڭ سىياسىي، سودا مەركىزى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دېھقانچىلىق ۋە قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭمۇ مەركىزى ئىدى. ئارخېئولوگلار بۇ جايدىن نۇرغۇنلىغان دېۋىرقاي، مىس پارچىلىرىنى تاپتى. بۇلار قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ مەلۇم تەرەپلىرى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ماتېرىياللار ئىدى. نۇرغۇنلىغان خارابىلىكلەردە يەنە يارغۇنچاققا ئوخشاش ئەسۋابلار تېپىلدى».

ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن تارىخچى توقتومۇ (مىلادىيە 1314 ـ 1355 ـ يىللىرى) «ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ سۈيى ئالتۇن تاغدىن (تەڭرى تېغى) كېلىدۇ. ئىدىقۇت دۆلىتىدىكى شەھەرلەرنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ئاقىدۇ. ئېتىزلىقلارنى، باغلارنى سۇغىرىدۇ. تۈگمەنلەر چۆرۈلىدۇ، ئاشلىق تېرىلىدۇ. بۇ يەردە يالغۇز قارا بۇغدايلا يوق» دەپ يازغان. («سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئىدىقۇت ھەققىدە قىسسە»دىن).

سۇ تۈگمىنىنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىياتى، تەۋەلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ئەنە شۇنداق تولۇق ۋە ئىشەنچلىك بولسىمۇ، لېكىن تەزكىرىچىلىك ساھەسىدىكى بەزى ئاپتورلار تارىخىي چىنلىققا ھۆرمەت قىلماي ئۆز ھېسسىياتىغا بېرىلىپ «شىنجاڭنىڭ تۈگمەنچىلىكى 200 يىللىق تارىخقا ئىگە، 1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى تىنچىتقاندىن كېيىن شىنجاڭدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن، 13890 ئەسكەر كەلگەن. 287958 مو بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلگەن. ئىشلەپچىقىرىلغان بۇغداينى ئۇن قىلىشقا توغرا كەلگەن، شىنجاڭدا دەريا، ئۆستەڭ كۆپ، سۈيى

تېز ئاقىدۇ، بۇ توگمەن چۆرۈشىنىڭ ياخشى شارائىتى بىلەن تەمىنلىگەن. نەتىجىدە توگمەنچىلىك ئەۋج ئالغان» دەيدۇ. («شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى، 1990 ـ يىلى 4 ـ سان، «شىنجاڭنىڭ توگمەنچىلىكى ھەققىدە» دېگەن ماقالىدىن)

تارىخىي چىنلىقتا، تارىخچىلىق مېتودىغا ئۇيغۇن بولمىغان ھەرقانداق باھا، تەزكىرە، يەكۈنلەر ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمەيدۇ ۋە ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. تەتقىقاتچى گوباۋ ئەپەندىنىڭ «ئېلىمىز قەدىمدىن تارتىپلا گورۇچ، تېرىق، قوناق، بۇغداي، دادۇر، پۇرچاقلارنى ئاساسلىق تېرىلغۇ زىرائىتى قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەينى زاماندا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئوزۇقلۇقى تېرىق بولغاچقا، بۇغداينى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى ناھايىتى ئىپتىدائىي ئىدى. چىن، خەن سۇلالىرىدىن كېيىن ئۇن تارتىش تېخنىكىسى ۋە ئۇن تەركىبلىك يېمەكلىكلەرنى تەييارلاش ئۇسۇلىنى غەربىي يۇرتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىن قوبۇل قىلغان». (گوباۋ: «مىللەتلەر تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلاردىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى 10 ـ بەت) دېگەن بايانلىرىمۇ ھېلىقى «شىنجاڭنىڭ توگمەنچىلىكى 200 يىللىق تارىخقا ئىگە» دەيدىغان ساددا قاراشلارنى تۈپتىن ئىنكار قىلىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى ئەۋۋەلىي ئەزەلدە ئاپىرىدە قىلىپ ئۆز ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ ۋە ئۆزگەرتىپ بۈگۈنكىدەك ھالەتكە كەلتۈرگەن توگمەن خۇددى كارىز، 12 مۇقام، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»، گىلەم، ئەتلەس قاتارلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۈيۈك سەمەرىلىرى قاتارىدا ئۇلۇغلانماقتا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يىراق تاغ سەھرالىرىدا، يېزىلاردا دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئۇنىغا بولغان ئېھتىياجلىرىنى ھېلىمۇ قاندۇرۇپ كەلمەكتە. سۇ توگمىنىنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن تا بۈگۈنگىچە ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلىپ كېلىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب شۇكى، ئۇنىڭدا تارتىلغان ئۇن تاش بىلەن سوغۇقراق تېمپېراتۇرىدا يۇمشىتىلغاچقا، خېمىرى شىرنىلىك، سوزۇلۇشچان، تامىقى يېيىشلىك بولىدۇ.

تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، توگمەن نەچچە مىڭ يىللىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تىرىك شاھىدى بولۇپ، مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرىنى، تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى قاتارىدا تۇتقان ئورنى، قىممىتى، دەرىجىسى قاتارلىقلارنى بىلىۋېلىشىمىزدىكى ماددىي پاكىت.

شۇڭا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزلەرگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئەتىۋارلىق تەۋەررۈكى — قەدىمكى ئىپتىدائىي ماشىنا — توگمەننى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىشىمىز، ئاسرىشىمىز ۋە تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ ھازىرقى ئېھتىياجغا لايىقلاشتۇرۇشىمىز لازىم.

(ئاپتور: خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا)

# ئۇيغۇرلارنىڭ چاي ئىستېمالىغا بىر نەزەر

گۈلزەمىرە مۇھەممەت

ئۇيغۇرلارنىڭ چاي مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىدىكى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدىغان، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بىر خىل مەدەنىيەت تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خەن دەۋرىدە جاڭ چيەننىڭ ئەلچىلىكىدىن كېيىن، بولۇپمۇ يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان سودا، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ چايمۇ سودا مەھسۇلاتى، سوۋغا - سالام بۇيۇمى قاتارىدا شىنجاڭغا كۆپلەپ توشۇلۇپ، ئاستا - ئاستا يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئىستېمال بۇيۇمىغا ئايلانغان.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئارىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت، سودا، دوستلۇق ئالاقىلىرى قويۇقلىشىپ، ئالماشتۇرۇلىدىغان، تارتۇقلىنىدىغان، سوۋغا - سالام قىلىنىدىغان بۇيۇملارنىڭ سانى ۋە مىقدارى ھەرقانداق دەۋرلەردىكىدىن ئېشىپ كەتكەن، ھەممىمىزگە مەلۇمكى، تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي - ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى باردى - كەلدى ئالاقىلىرى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. بولۇپمۇ ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆڭلۈك - سۆيگۈن توپىلىڭىنى تىنچىتىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن زور مىقداردىكى ماددىي بۇيۇملار بىلەن تارتۇقلانغان ئىدى، بۇ ماددىي بۇيۇملارنىڭ ئاساسلىقى يىپەك رەخت ۋە چاي مەھسۇلاتلىرى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئېشىنغان قىسمىنى قوشنا ئەللەرگە سېتىپ يىپەك، ئات ۋە چاي سودىگەرلىرىگە ئايلانغانىدى، ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ياردەم بېرىش ۋە قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋىتى بۇ ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي - ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ

تەرەققىياتى ۋە ياردى ـ كەلدى مۇناسىۋەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغانىدى، بۇ مەزگىلدە تالڭ سۇلالىسى چاي ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى، چاي ئىستېمال قىلغۇچىلارنىڭ سانى كۆپىيىپ، پايدىسى ئەڭ كۆپ بولغان ئالاھىدە مەھسۇلاتقا ئايلانغانىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ لياۋ، سۇڭ، يۈەن، مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە رايونىمىز يەنىلا شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىش تۈگىنى بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك چايلىرىنىڭ باشقا دۆلەتلەرگە تارقىلىشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان، بىزگە مەلۇم، ئۇيغۇرلار چاي خۇمار مىللەت. گەرچە شىنجاڭنىڭ ھاۋا كىلىماتى چاي ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق كەلمىسىمۇ، ئەمما ئۇزاق مەزگىللىك ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۇيغۇرلار رايونىمىزدىن چىقىدىغان ھەر خىل دورىلىق قىممىتىگە ئىگە قار لەيلىسى، قىزىل كۆكمارال، قىزىلگۈل، ئەتىرگۈل، رەيھان، بادىرەنجى بۇيا، زەپەر، ئالقات، سوغۇرگۈل، يالپۇز، پىننە، زىرە قاتارلىق يۇراقلىق ئۆسۈملۈكلەرنى خام ئەشيا قىلىپ، ئۇنى ئۇيغۇر تېبابەت تېخنىكىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ھەر كۈنى گۆش، ماي، سۈت، قايماق قاتارلىق يۇقىرى ھارارەتلىك يېمەكلىك ئىستېمال ئادىتىدە ياشاۋاتقان خەلقلەرگە ماس كېلىدىغان يەرلىك ئالاھىدە چايلارنى ئىشلەپچىقىرىپ ئىستېمال قىلغان ۋە باشقا جايلارغا تارقاتقان. ئېلىمىزنىڭ چاي مەھسۇلاتلىرى تۈرلىرى تىزىملىككە ئاساسلانغاندا ئېلىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان چايلار 258 خىلغا يېتىدىكەن، ئەمما يەن ـ تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى، مەبلەغ يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن سىستېمىلىق ئىستېمال قىلىش ۋە كەڭ كۆلەملىك بازارغا يۈزلەندۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىقلار قېيىنغا توختىغانىدى، 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن باشلاپ تولۇق پايدىلىنىپ ئەلا سۈپەتلىك، دورىلىق قىممىتى يۇقىرى، پۇرىقى ۋە رەڭگى ئۆزگىچە بولغان ھەر خىل چايلارنى ئىشلەپچىقىرىپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چايغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭدا چاي ئىشلەپچىقىرىش، شىنجاڭنى دۇنياغا، ئىسلاھاتقا، كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرۈش جەھەتتە بەلگىلىك ئۇنۇمگە ئېرىشتى.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ چاي ئىستېمال مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ماددىي شەرت ـ شارائىت ۋە ھەر خىل بولغان ئېھتىياجلار ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مۇكەممەللىشىپ، كېڭىيىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ چاي ئىستېمال مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. نۆۋەتتە چاينى ئۇيغۇرلارنىڭ «روھىي ئوزۇقى» دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇرلار چاينى ئۇسسۇزلۇق قاندۇرۇش

ئۈچۈنلا ئىستېمال قىلماستىن، بەلكى تۇرمۇشنىڭ لەززىتى، دوستلۇق رىشتىسى، ئالاقە ۋاستىسى، ھاردۇق چىقىرىش ۋە ساغلاملىق ئىچىملىكى ئورنىدا ئىستېمال قىلىشىغا ئادەتلەنگەن. كىشىلەر كۈندىلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا چاي ئىچىشنى تۇرمۇشنىڭ لەززىتى، دوستلۇق رىشتىسىنى كۈچەيتىشنىڭ ۋاستىسى، چارچىغاندا ھاردۇق چىقىرىش ئۇسۇلى، ساغلاملىقنى ئاشۇرۇش بويۇمى دەپ قارىغانلىقتىن، ئۆيگە مېھمان كەلگەندە چاي تۇتۇپ ھاردۇق سوراش، چاينى شاراب ئورنىدا مېھمانغا تۇتۇپ ۋە سوۋغا قىلىپ دوستلۇق ئىپادىلەش، ئۆلۈم - يېتىم ئىگىلىرىگە چاي ئىچكۈزۈپ كۆڭۈل ئېيتىش، توغقان ۋە قوشنىلار ئارا ئىناقسىزلىق كۆرۈلگەندە چاي تۇتۇپ ئاداۋەتنى تۈگىتىش قاتارلىق ياخشى ئادەتلەرنى بارلىققا كەلتۈردى، ئۇنىڭدىن باشقا تۇرمۇشىمىزغا چەمبەرچاس باغلانغان قىزنىڭ ئۆيىدىكىلەرگە چاي ئىچكۈزۈش، مەسلىھەت چېيى، ھاردۇق چېيى، ئۇرۇق - توغقان، دوست - بۇرادەرلەر ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەر خىل ئۇچرىشىش چايلىرىمۇ دەل چاي قويۇش، چاي قوبۇل قىلىش، چاي ئىچىش مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك بەلگىلىرىدۇر.

چاي قەدىمدىن تارتىپ ساغلاملىق ئىچىملىكى دەپ قارىلىپ كەلگەن ئالاھىدە مەھسۇلات. شۇڭا 17 - ئەسىرلەردە ياۋروپادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەردە چاي، قەھۋە، شاكىلاتلارنى تەڭ ئورۇنغا قويۇشتىن باشقا، چاي مەخسۇس دورا ئورنىدا دورا دۇكانلىرىدا سېتىلغان. ئەمما، باھاسى ئىنتايىن قىممەت بولغاچقا، ئاز بىر قىسىم سودىگەر، ھەربىي ئەمەلدارلار ۋە فېئوداللار ئىستېمال قىلالايتتى، كېيىن ياۋروپالىقلار چاينىڭ پايدىسىنى تولۇق چۈشىنىپ چاي ئىستېمال دائىرىسىنى كېڭەيتتى، بۇ جەھەتتە گوللاندىيىلىكلەر ئاۋانگارت بولۇپ، جۇڭگونىڭ ھەر خىل چايلىرىنى 1638 - يىلى فرانسىيىگە، 1645 - يىلى ئەنگلىيىگە، 1650 - يىلى گېرمانىيىگە ئاندىن كېيىن ئامېرىكىغا تارقاتتى. چاي تەركىبىدە ئادەم بەدىنىگە پايدىلىق بولغان ئېلېمېنتلاردىن كاربون، ھىدروگېن، ئوكسىگېن، ئازوت، كالتسىي، فوسفور، گۈڭگۈرت، تۆمۈر قاتارلىق ئېلېمېنتلار بار بولۇپ، بۇلار چاينىڭ رەڭگى، پۇرىقى، تەمى، يۇمرانلىق دەرىجىسى ھەمدە ئوزۇقلۇق قىممىتى، دورىلىق قىممىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

1999 - يىلى نەشردىن چىققان «چاي ۋە سالامەتلىك» (ئاپتورى: تۇراخۇن توختى) دېگەن كىتابتا چاينىڭ شىپالىق رولى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلەنگەن:

① ئادەمنى روھلاندۇرىدۇ، ② نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ، ③ كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ،

④ باش ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ، ⑤ ئىسسىقلىقنى قايتۇرىدۇ، ⑥ ئاپتاپ ئۆتۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ⑦ زەھەرنى قايتۇرىدۇ، ⑧ ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ، ⑨ مەستلىكنى يېشىدۇ، ⑩ ماينى پارچىلايدۇ، ⑪ يەلنى ھەيدەيدۇ، ⑫ بەلغەمنى بوشىتىدۇ، ⑬ ئاچچىقنى باسىدۇ، ⑭ ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇرلار ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆز ئەقىل - پاراسەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، پەن - تېخنىكىلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ يۇقىرىدا ئاتاپ ئۆتكەندەك شىنجاڭدىن چىقىدىغان بىر قىسىم تەبىئىي ئۆسۈملۈكلەرنى خام ئەشيا قىلىپ شىپالىق ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان ھەر خىل چايلارنى ئىشلەپچىقىرىپ گۆش، سۈت، مايلىق بۇيۇملارنى ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن خەلقلەردە كۆرۈلىدىغان قان بېسىم، قان قويۇقلۇق، قاندىكى ماي مىقدارى يۇقىرىلاپ كېتىش، قاندىكى شېكەر مىقدارى ئېشىپ كېتىش، سېمىزلىك قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇپ كەلدى.

چاي ئىشلەپچىقىرىش تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۇيغۇرلار ئىستېمال قىلىدىغان چاينىڭ تۈرى ئازلىقتىن كۆپلۈككە، سۈپىتى ناچارلىقتىن سۈپىتى ياخشىلىنىشقا قاراپ تەرەققىي قىلدى. چاي ئىچىشمۇ بىر خىل ماددىي ئېھتىياجدىن مەنىۋى ئېھتىياجغا ئۆزگەردى، چاي ئىچىش سورۇنلىرى ئائىلە، ئاشخانىلاردىن، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى، ئىشخانا، يىغىلىش، سەيلە - ساياھەت ساھەلىرىگە ئومۇملاشتى، ئىلگىرى كىشىلەرنىڭكى كۆڭۈل بۆلىدىغىنى چاينىڭ باھاسى بىلەن رەڭگى بولسا، ھازىر كۆڭۈل بۆلىدىغىنى چاينىڭ پۇرىقى، رەڭگى، تەمى، شىپالىق رولى ۋە دورىلىق قىممىتى، چاينىڭ تەركىبى، ئىشلەپچىقارغان زاۋۇت، ساقلىنىش مۇددىتى قاتارلىقلارغا ئۆزگەردى، ئۇنىڭدىن باشقا بىر ئائىلە كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان قىزىقىشى، ساغلاملىق ئەھۋالى ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن چاي تاللاپ ئىستېمال قىلىش ئادىتى شەكىللەندى.

چاي ئىستېمال قىلىش ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈندۇر، ئالدى بىلەن چاي ئىستېمال قىلىشتىكى مۇددىئا ئېنىق بولۇشى كېرەك، ئاندىن چاينىڭ شىپالىق رولىنى بىلىش، ئۆزىگە ئېھتىياجلىق بولغان چايلارنى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. قارىغۇلارچە مودا قوغلىشىش، باشقىلارنى دوراش، ئۆز ئېھتىياجىنى چۈشەنمەسلىك، چاي ئىشلەپچىقىرىش ھالقىلىرىغا، بولۇپمۇ سۈپەت - تېخنىكا جەھەتتىكى تەرەپلەرگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك، چاي دورىلىرىنىڭ ئۈنۈمىگە سەل قاراش، ئۇنىڭغا بولغان سېلىنما مەبلەغنىڭ كۆپ بولماسلىقى قاتارلىقلار چاي ئىستې-

مال قىلىشتىكى ساقلانغان مەسىلىلەردۇر، شۇڭا يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئۇنۇملۇك ھەل قىلىش بىلەن بىرگە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، چاي ئىستېمال قىلىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ چايغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈش؛

ئىككىنچى، رايونىمىزنىڭ ھاۋا كېلىماتى ۋە يېمەكلىك تۈزۈلىشىدىن پەيدا بولىدىغان ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشنى ئاساس قىلىدىغان چايلارنى كۆپرەك بازارغا سېلىپ خەلقنىڭ جىددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش زۆرۈر؛

ئۈچىنچى، چاي ئارقىلىق سەي - كۆكتات ئارقىلىق تولۇقلاشقا تېگىشلىك ھەر خىل ۋىتامىنلارنى تولۇقلاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؛

تۆتىنچى، چاي تەركىبىنىڭ مىقدارىغا ئەھمىيەت بېرىش، تازىلىقىنى، ساپلىقىنى، سۈپىتىنى ھەر ۋاقىت تەكشۈرۈپ تۇرۇش، ساختا مەھسۇلاتلارنىڭ بازارغا سېلىنىپ ساغلاملىققا ئەكس تەسىر كۆرسىتىشىدىن جىددىي ساقلىنىش كېرەك؛

بەشىنچى، چاي ئىشلەپچىقىرىش ۋە چاي سودىسىغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىش ھەمدە بۇ ساھەگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك، چاي ئىشلەپچىقىرىش ۋە چاي سودىلىرىغا ئىلھام بېرىش ھەمدە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈش كېرەك.


قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ چاي ئىستېمال مەدەنىيىتى ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ بۈگۈنكى كەلگەندە چاي ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر تەرەپكە ئايلاندى. شۇڭا، بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ئېسىل مەدەنىيىتىگە (چاي ئىستېمال مەدەنىيىتىگە) ۋارىسلىق قىلىپ ئۇنى قوغداپ تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، راۋاجلاندۇرۇشىمىز، ئۇنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشىمىز كېرەك.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① تۇراخۇن توختى:«چاي ۋە سالامەتلىك»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا - سەھىيە نەشرىياتى، 1999 - يىلى نەشرى.

② ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا:«ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىلى نەشرى.

(گۈلزەپەر مۇھەممەت: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى)



# دولان مۇقامى تېكىستلىرىدىكى بەزى ناتوغرا ئۆزگەرتىشلەر توغرىسىدا

يۇسۇپجان مۇھەممەد تۇغيان

ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئانىسى بولغان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، يازما ئەدەبىيات پەيدا بولۇشتىن خېلى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن. يازما ئەدەبىياتنىڭ شەكىللىنىش دەۋرىنى تەخمىنەن ئەجداتلىرىمىز ئەڭ بۇرۇن قوللانغان مىلادى 5 ـ ئەسىردىكى سوغدى يېزىقىدىن كېيىن دەپ ھېسابلىساق① ، بۈيۈك ئالىم ۋە تىلشۇناس بوۋىمىز مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق كاتتا ئەسىرىدە كەلتۈرگەن مىساللاردىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى شەكلى ۋە ئاساسىي گەۋدىسى بولغان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شەكىللەنگەن دەپ ئېيتالايمىز②.

كەڭ تەبىئەتتىكى ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتتىكى تۈرلۈك تۈمەن ئاۋازلارنىڭ (جۇملىدىن خىلمۇخىل قۇشلارنىڭ سايراشلىرى، شاقىراتما، شامال ئاۋازلىرى)، ئوۋچىلىق ۋە باشقا ئەمگەك رىتىملىرىنىڭ، جەسۇر ۋە غالىب يۈرۈشلەرنىڭ شاھىدى بولمىش ئات تۇياقلىرىنىڭ، شۇنداقلا تۈرلۈك تۈتەم ئېتىقادچىلىقىنىڭ مەھسۇلى بولغان تۈتەم مۇراسىملىرىدىكى تەسىرلىك مۇناجات ۋە ئىلتىجالار، قىسقىسى قۇلاققا ئاڭلانغان ۋە مېڭىگە تەسىر قىلغان بارلىق ئەھمىيەتلىك ئاۋازلارنىڭ ئۇلارنىڭ قەلب تارىلىرىنى توختاۋسىز غىدىقلىشى بىلەن ئىپتىدائىي ناخشا ـ كۈي ئاھاڭلىرى پەيدا بولغان. «تەڭرىتاغ بويلىرى، تارىم ۋادىسىدا ياشاپ ئۆتكەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم ئېتنىك تەركىبلەردىن بولغان قەدىمكى ئاھالە تۈركۈملىرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى چاغلاردىلا دېھقانچىلىق ۋە شەھەر مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان. جۇملىدىن يەرلىك ۋە مىللىي پۇراققا ئىگە بولغان ئاجايىپ ۋە رەڭدار مۇزىكا مەدەنىيىتىنى ياراتقان» ③ھەرقانداق ئېھتىياج كىشىدە مەلۇم ئارزۇ ـ ئۈمىد، ئەمگەك ـ مېھنەت ئىستىكى پەيدا قىلىدىغان بولغاچقا، تەڭكەش قىلىش ئېھتىياجى بىلەن ئەڭ بۇرۇنقى ئىپتىدائىي سازلاردىن نەي، پىپا، داپ، سۇناي، بالىمان قاتارلىقلارنى ياساپ چىققان. ئەمگەك تەرەققىياتىنىڭ چوڭ مېڭىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، ئاشۇ ئاددىي سازلاردىن چىققان رىتىملىق ئاۋازلارنىڭ تەدرىجىي ھالدا باش ئاخىرى ماسلاشقان مەلۇم كۈي شەك-

لىنگە مۇجەسسەملىنىشى نەتىجىسىدە، بۇنىڭغا تېكىست سېلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان. خۇددى ئەبۇ نەسىر فارابىي (871 ـ 950) «مۇزىكىنىڭ تىلسىز مۇڭلىرى ئىنسان روھىغا ئوت تۇتاشتۇرغۇچى مەنىۋىي ئامىلدۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا ئەشئار (تېكىست) قوشۇلسا، ئۇل مۇڭنىڭ سىرى مەلۇم بولغۇسىدۇر» دەپ ئېيتقىنىدەك، شۇ دەۋردىكى خەلقنىڭ ئوي ـ خىيالى، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى، ئىستېتىك قىزىقىشى، ئۇۋچىلىق، تۇرمۇش شەكلى، ياشاش مۇھىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىنىڭ جانلىق بەدىئىي شەكلى بولغان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى تەبىئىي هالدا بۇ خىل زۆرۈرىيەتكە ئەڭ يېقىندىن ياندىشىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىپ كەلدى.

خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئىجادچىسى ۋە ھەقىقىي ھەغداسى خەلق. ئىسمى بىزگىچە مەلۇم بولغان بىر قىسىم خەلق قوشاقچىلىرىنىڭ نامىدا ئىجاد قىلىنغان خەلق قوشاقلىرى بىلەن ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئېيتىلىپ كەلگەن باشقا خەلق قوشاقلىرىنى ئايرىشمۇ تەس. بۇ قوشاقلار خۇددى ئۇستا ياغاچچى تاختايلارنى رەندىلەپ، يىلىم بىلەن بىر ـ بىرىگە ھىم چاپلاپ نەچچە پارچە ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكۈسىز قىلىۋەتكىنىدەك، سۆز بايلىقى ناھايىتى مول بولغان ئۇيغۇر تىلى تېكىستلوگىيىسىدىكى چوڭقۇر مەنىلىك، ئوبرازلىق سۆزلەرنىڭ ئاكتىپ قوللىنىلىشى بىلەن بۇ قوشاقلار دەريا بويىدىكى تاشتەك سىلىق، سۆز ـ جۈملىلىرى بىر ـ بىرىگە ھىم جىپسىلاشقان، مىسرالىرى رەڭدار ۋە ئويناق، مەجازى ۋاستىلەرنىڭ جانلاندۇرۇشىدا شەبنەم سۆيگەن قىزىل گۈلدەك جۇلالىنىپ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان تۈرلۈك خەلق ناخشىلىرى ۋە مۇقام تېكىستلىرىدە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا ئېيتىلىپ، كۆڭۈللەرگە زوق بېغىشلاپ كەلگەن.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى چوڭ تىپتىكى يۇرۇشلەشكەن كۈيلەر سىستېمىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەسىرلەر مابەينىدە ناھايىتى زور ھەجىمدىكى خەلق قوشاقلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ كەلگەن. يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرەشىدخان باشچىلىقىدىكى خانلىق ئوردا مۇئەسسەسىنىڭ يېتەكچىسى ئالىم ۋە ئەدىب قىدىرخان يەركەندى (1500 ـ 1572) ۋە مەشھۇر مۇقامشۇناس، شائىرە ئامانىساخان (1534 ـ 1567)لار ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى قېزىش، قېلىپلاشتۇرۇشقا زور كۈچ سەرپ قىلىپلا قالماستىن، تېكىستلىرىنى رەتلەشكىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلغان. كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىكى يۈكسەك نامايەندە ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىدىن باشلانغان كلاسسىك شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ ئۈلگىيىشى (مۇقام تېكىستلىرى ئىچىدە نەۋائىينىڭ لىرىكىلىرى 52.4% نى ئىگىلەيدۇ.) مۇقام تېكىستلىرىدا خەلق قوشاقلىرى كۆپ قىسمىنى ئىگىلىگەن ھالەتنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىپ، ھافىز شىرازى، لۇتفى، نەسىمى، مەشرەپ، ئاتايى، زەلىلى، زۇھۇرى، فىراقى، فۇتۇھى قاتارلىق 44 شائىرنىڭ ئەرۇز ۋەزنىنىڭ تۈرلۈك بەھرىلىرىدە يېزىلغان نادىر غەزەللىرى ۋە «غېرىپ ـ سەنەم»، «سەنەۋبەر» قاتارلىق مەشھۇر كلاسسىك داستانلار ئاساس، خەلق قوشاقلىرى قوشۇمچە ھالەتكە ئۆزگەردى. تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئەجداتلىرىنى ئۆز ئە-

چىگە ئالغان بەش ئەۋلاد مۇقامچىلار 16 ـ ئەسىردە رەتلەنگەن، ئىسلاھ قىلىنغان ئون ئىككى مۇقامغا ئىنچىكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مۇقام ئىجراچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش جەھەتتە زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، ئون ئىككى مۇقامنى ھازىرقى دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزۈپ بەرگەن. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى بۇنىڭدىن ئىلگىرى (1964 ـ 1983 ـ يىللىرى) تۇردى ئاخۇن ئېيتقان تېكىستلەر بويىچە رەتلىنىپ نەشر قىلىنغانىدى. لېكىن ئۆتمۈشتە خىلمۇخىل ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ۋە ئوقۇش ـ ئورۇنداش جەھەتتىكى سەۋەنلىكلەر تۈپەيلىدىن بەزى تېكىستلەر قىسقارتىۋېتىلگەن ياكى ئىككى ـ ئۈچ شائىرنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بېيىتلەردىن قۇراشتۇرۇلغانىدى. 1993 ـ يىلى تېكىستلەرنى ئىككىنچى قېتىم رەتلەشتە، بۇ سەۋەنلىكلەر مەلۇم دەرىجىدە تۈزىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا، بەزى سەۋەنلىكلەر بايقالدى. 1995 ـ يىلى شىنجاڭ ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى 47 نەپەر ئالىم، مۇتەخەسسىستىن تەركىب تاپقان 4 گۇرۇپپا تەشكىللەپ، 11 ماددىلىق ئىلمىي قائىدە پرىنسىپ بېكىتتى. شۇ ئاساستا ئۈچىنچى قېتىم ئەستايىدىل رەتلەپ چىقىلدى. تېكىستلەرنىڭ مەنبەلىرى تەھقىقلەندى. تېكىستلەرنىڭ مەزمۇن ۋە ۋەزىنلىرى كۈيلەرنىڭ تېما ھەم ۋەزىنلىرىگە ماس بولۇش ئەنئەنىسىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلىندى. ئايرىم تېكىستلەردىكى كەم جايلار شۇ تېكىستنىڭ قەدىمكى قوليازمىلىرى ئاساسىدا تولۇقلاندى. تەكرار ئېيتىلغان تېكىستلەر قايسى شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن ئېلىنغان بولسا، شۇ شائىرنىڭ ياكى زاماندىش شائىرنىڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان باشقا شېئىرلىرى بىلەن يەڭگۈشلەندى. كلاسسىك شېئىردىن ئېلىنغان تېكىستلەردە، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ لىرىكا جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ نەمۇنىلىرىنى نامايان قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى.»④

ئەپسۇس، «ئانا مۇقام» بولغان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن «بالا مۇقام» ⑤ سۈپىتىدىكى دولان مۇقامىنىڭ تېكىستلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك خەلق قوشاقلىرى بولۇپ، ھەربىر باياۋان ياكى نەغمە بۆلەكلىرى ئۈچۈن مۇقىملىشىپ كەتكەن تېكىست يوق. مۇقەددىمە قىسمىدىكى قىسمەن تۇراقلىق تېكىستلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەربىر نەغمىكەش ئۆزلىرىنىڭ ئېستېتىك تەلىپى، كەيپىياتى، بىلىدىغان قوشاقلىرىنىڭ كۆپ ياكى ئاز بولۇشى، سورۇن (مەشرەپ) كۆلىمى ۋە باشقا ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ئۆزلىرى بىلىدىغان قوشاقلارنى كىرگۈزۈپ ئېيتقان. گاھى مىسرا كۇپلېتلارنى ئۆز خاھىشى بويىچە ئۆزگەرتىپ ئېيتقان، گاھى قوشاقلار بىرقانچە يەردە تەكرار ئىشلىتىلگەن. قىش پەسىللىرىدە كۆپرەك ئوينىلىدىغان قاتارى مەشرەپلەردە، يۇرت تەۋەسىدە نامى چىققان داڭلىق مۇقامچىلار گاھىدا ئېھتىياجنى قامداپ بولالمىغاچقا، دېگەندەك يېتىشىپ بولالمىغان «بالا مۇقامچىلار»مۇ ئۆزى بىلگەن ياكى ئېسىدە تولۇق قالمىغان قوشاقلىرىنى ياساپ ـ يامداپ يۈرۈپ ئۇ يەر بۇ يەرلەردە مەشرەپ تۆ-

رىگە داخىل بولۇپ كەلگەن. ئەلنەغمىچىلەر مەشرەپ داۋامىدا يېتىلدىدىغان، ھېچكىم سىنىڭ «مۇقامچى»لىق كىنىشكەڭ بارمۇ دەپ سوراپ يۈرمەيدىغان بولغاچقا، ئۇيغۇر دولانلىرى مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان ئاۋات، مارالبېشى، مەكىت ناھىيىلىرىدە ئېيىتىلىپ كېلىۋاتقان مۇقام تېكىستلىرىدە خېلى زور پەرقلەر بارلىققا كەلگەن. نەچچە ئەسىرلىك تارىخ داۋامىدا، «ئىگىسىز باغ»قا ئوخشاپ قالغان دولان مۇقامى تېكىستلىرىدىكى بەزى قوشاقلارنىڭ (بۇ تېكىستلەر تۆۋەندە قىسقارتىلىپ قوشاق دەپ ئېلىنىدۇ) سۆز ـ جۈملىلىرى ئۆزگىرىپ كەتكەن، گاھى قوشاقلارنىڭ بىراقلا ئىككى مىسراسى ئۆزگىرىپ، گاھى قوشاقلارنىڭ ئوخشىمىغان رايونلاردىكى ياكى بىر رايوندىكى ئوخشاش بولمىغان ۋارىيانتلىرى بارلىققا كەلگەن. ئوخشاش بىر رايوندا ئىلگىرى ـ كېيىن توپلىنىپ قەلەمگە ئېلىنغان مۇقام تېكىستىدىمۇ خېلى پەرق بار. مەكىت ناھىيىلىك دولان مۇقامى تەتقىقات جەمئىيىتى، مەدەنىيەت ئىدارىسى تۈزۈپ، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى 1996 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر دولان مۇقامى» ناملىق كىتابتىكى مەكىت ناھىيىسىدە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان دولان مۇقامى تېكىستلىرى بىلەن مەملىكەت سەنئەت ئىلمى «9 ـ بەش» يىللىق پىلانى تېما تەتقىقات گۇرۇپپىسى تۈزۈپ، مەركىزى مۇزىكا ئىنىستىتۇتى نەشرىياتى 2004 ـ يىلى نەشر قىلغان «دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات» ناملىق كىتابتىكى مەكىت دولان مۇقامى تېكىستلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باقسىقمۇ ھەقىقەتەن خېلى پەرق بارلىقىنى بايقايمىز (ھەتتا مۇقام ناملىرىدىمۇ پەرق بار). بۇنى ھەركىم ئىختىيارى ھالدا ئۆزى بىلگىنىنى ئېيتىپ كەلگەن، دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما چوڭقۇر ئويتۇرىغا قويۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، بەزى قوشاقلارنىڭ تىلى مەنتىقىگە چۈشمەيدۇ، مەزمۇنى مۇجمەل، ئەسلىدىنلا خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلام، توغرا ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان گاھى قوشاقلار ئەكس مەنىگە قاراپ ئۆزگىرىپ كەتكەن. بۇ خىل ناتوغرا ئۆزگىرىشلەرنى خاراكتېرى بويىچە تەھلىل قىلىپ باقساق، تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

1. بىرەر غەرەز ياكى باشقىچە نىيەت بىلەن تۈزۈلۈپ، مۇقام تېكىستلىرىگە قوشۇۋېتىلگەن سەلبىي مەنىدىكى قوشاقلار. مەسىلەن:

سېنىڭ ئاشناڭ مېنىڭ دوستۇم،
سارايدا مەشرەپ ئوينايلى.
كۆزىگە ئىلمىغان يارىنىڭ،
بېشىغا دەسسەپ ئوينايلى.

بولمايمەنۇ بولمايمەن،
سېنىڭ بىلەن بولمايمەن.

سېنىڭ بىلەن بولغۇچە،
يەڭگەڭ بىلەن ئوينايمەن⑥.

مېنىڭچە، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، مەردۇ ـ مەردانە، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، ئەزەلدىن ۋاپانى قەدىرلەيدىغان، ئۆز يارىغا ئۆلگۈچە سادىق بولىدىغان ئۇيغۇر دولانلىرى مۇقام تېكىستلىرىگە بۇنداق قاملاشمىغان، ئۆز ئوبرازىغا زىت، مەزمۇنلىرى ئېگىز ـ پەس قوشاقلارنى سېلىپ مەشرەپلەردە توۋلاپ يۈرمەيدۇ. مەيلى بىرەر نائۇستا قوشاقچى ۋە ياكى باشقا بىرەرى مەيلى قانداق مەقسەتتە توقۇغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ قوشاق دولان مۇقامى تېكىستلىرى قاتارىدا ھازىرغا قەدەر ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

2. بىرەر سۆزنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن خاتا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان، مەنىسى ئۆز-گىرىپ كەتكەن قوشاقلار. ئاۋات ئەرزىھال باياۋان مۇقامىنىڭ سېرىلما قىسمىدا مۇنداق بىر قوشاق بار:

ئوتۇغۇچ باشتا بولۇر،
ياخشى جۇۋان باشتا بولۇر.
ئاۋۋال ئاخشام سۆيسىلە،
تاڭ ئاتقۇچە ناشتا بولۇر⑦.

بۇ قوشاقنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئەقلى ـ ھوشلۇق كىشى ئوتۇغۇچ نېمىشقا باشتا بولىدۇ؟ بۇ يەردىكى (قوشاق پەيدا بولغان ياكى بۇ مۇقاملار دائىم توۋلىنىدىغان يەردە) كىشىلەردە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئوتۇغۇچنى بېشىغا قويۇپ ئۇخلايدىغان ئادەت بارمۇ قانداق؟ دېگەنلەرنى ئويلىماي تۇرالمايدۇ. ئېنىقكى، بۇ قوشاق مۇقام تېكىستى قاتارىدا ئېيتىلىش داۋامىدا ئۆزگىرىپ كەتكەن. بۇ قوشاقنىڭ ئەسلىسى مۇنداق:

ئوتۇغات ⑧ باشتا بولۇر،
ياخشى جۇۋان قاشتا بولۇر.
ئاۋۋال ئاخشام سۆيسىلە،
تاڭ ئاتقۇچە ناشتا بولۇر.

بۇ قوشاقنىڭ ئۇيغۇرچىسى ئەنە شۇنداق بۇزۇلۇپ كەتكەچكە، مەملىكەتلىك سەنئەت ئىلمى «9 ـ بەش» يىللىق پىلانى تېما تەتقىقات گۇرۇپپىسى تۈزۈپ، مەركىزى مۇزىكا ئىنىستىتۇتى نەشرىياتى 2004 ـ يىلى نەشر قىلغان «دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكو-لوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات» ناملىق كىتابتا مۇنداق تەرجىمە قىلىنغان:

除草机放在了地头，
情人就在河岸等侯
黄昏时分亲她一次
不吃不喝过一周⑨.

بىز ئۇيغۇرچىسىنى چۈشەنمەي خاتا ئېيتقانكەنمىز، نەچچە يۈز يىلنىڭ ئالدىدا ئوت ئورۇش ماشىنىسى نېمە ئىش قىلىدۇ دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويماي، يۇقىرىدىكىدەك تەرجىمە قىلغان خەنزۇ تەرجىمانلىرىمىزدىن ئاغرىنىشقا ھېچقانداق ھەققىمىز يوق. يەنە بىر مىسال ئالايلى:

ئەل مېنى يامان دەيدۇ،
بىلمەيمەن يامانلىقنى.
كەچ يېتىپ سەھەر تۇرۇپ،
تىلەيمەن ئامانلىقنى.⑩

ـــ «ئاۋات باش باياۋان مۇقامىنىڭ سەنىمى»

بىزدە «ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك» دەيدىغان بىر ماقال بار. شۇنداق بولغانىكەن، يامانلىقنى بىلمەيدىغان، ئەكسىچە كەچ يېتىپ سەھەر تۇرۇپ، ئەلنىڭ ئامانلىقىنى ئويلايدىغان بىر كىشىنى ئەلنىڭ يامان دېيىشى مۇمكىنمۇ؟ مېنىڭچە، بۇ قوشاقنىڭ بىرىنچى مىسراسى «يار مېنى يامان دەيدۇ» ۋە ياكى «خەق مېنى يامان دەيدۇ» بولۇشى كېرەك.

3. كېيىنكى ئىككى مىسراسى ئۆزگەرتىلىپ، شۇ رايونغا ماسلاشتۇرۇلغان قوشاقلار. مەسىلەن:

چىنە خۇمداندىن چىقۇر،
تاماكا تۇرپاندىن چىقۇر.
ئالمىسى يۇملاق خېنىم،
خوجا باسقاقتىن چىقۇر.

ـــ «ئاۋات زىل باياۋان مۇقامىنىڭ سەلىقىسى»⑪

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ خېلى ياخشى چىققان بۇ نەمۇنىسىنىڭ كېيىنكى ئىككى مىسراسى ئەسلى «كۆيۈكى ئەمدى بېسىلدى، دەردى ئۆلگەندە چىقۇر» بولۇپ، ئاۋات ناھىيىسى بېشئېرىق بازىرىنىڭ خوجا باسقاق دەپ ئاتىلىدىغان كەنتىنىڭ نامى كىرگۈزۈلگىنىگە قارىغاندا، بەلكىم سەۋىيىسى يامان ئەمەس قوشاقچىدىن بىرەرى بۇ يەردە ئۆتكەن ۋە ياكى بۇ ئۆزگىرىش كەينىگە مەلۇم ۋەقە يوشۇرۇنغان بولسا كېرەك. بۇنداق ئۆزگىرىشلەرنى گەرچە خاتا دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، ئەسلىدىكىسى ئۇزاق

تاۋلىنىشتىن ئۆتكەن، ياخشى قوشاقلارنىڭ بىرى بولۇپ، مۇھەببەتنىڭ ئازابى ۋە مەشۇقىغا سادىق ئاشىقنىڭ ۋاپاسىنى تولىمۇ جايىدا ئىپادىلەپ بەرگەن. شۇڭا بۇنداق قوشاقلارنىڭ يەنىلا ئەسلىسىنى قوللانغان تۈزۈك.

4. مەنىسى چۈشىنىكسىز، مۇجمەل قوشاقلار.

مەسىلەن:

مۇھەببەتسىز ۋەتەن يوق باقسام،
ئول جوۋانغا يەرنى كۆرسەتسەم.
ئول جوۋاننىڭ ئوتى يامان ئىكەن،
تىرىك دوزاخنى كۆرسەتسەم.
— «ئاۋات چۆل باياۋان مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى»⑫

ئانا تىلىمىزنىڭ ئەڭ ئوبرازلىق، جىلۋىدار ھالىتىنىڭ نامايەندىسى بولغان خەلق قوشاقلىرى تالاي شائىرلىرىمىزنى يېتىشتۈرگەن ئالتۇن بۆشۈك. مۇقام تېكىستلىرى بولغان خەلق قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنلىرى بىر - بىرىگە ناھايىتى جىپسىلىشىپ كەلگەن بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا، ئالدىنقى ئىككى مىسرادا تەبىئەت مەنزىرىسىدىكى ياكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى تۇرلۇك ئىش ھەرىكەت، تۇرلۇك ۋەقەلەر ۋە شەيئىلەر ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، نەقىل كەلتۇرۇش، ئىشارە قىلىش قاتارلىق تۇرلۇك ئىستىلىستىكىلىق ياكى غەيرىي ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق كېيىنكى ئىككى مىسراغا مەلۇم دەرىجىدە مۇناسىۋەتتى بولغان بىرەر مەقسەتكە يول ئېچىلىدۇ، كېيىنكى ئىككى مىسرادا مەلۇم ئىش - ھادىسىگە ياكى مەلۇم كىشىگە مۇناسىۋەتلىك ئوقۇم ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مۇھەببەت قوشاقلىرى بولۇپ، بۇ خىل قوشاقلاردا كېيىنكى ئىككى مىسرادا كۆپىنچە ھاللاردا يىگىتنىڭ ئۆز نىگارى، دىلبىرىگە بولغان سېغىنىشى، ۋەدىسى، قېيدىشى ۋە باشقا تۇرلۇك ھېسسىياتى ناھايىتى جانلىق ھالدا ماھىرلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ھەرگىز يۇقىرىقىدەك، ئالدى - كەينىنى بىرقانچە قېتىم ئوقىسىمۇ كاللىنى قايمۇقتۇرىدىغان، گادىرماچ ھالەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلمايدۇ. بۇ قوشاقتا «ئول جوۋانغا» كۆرسىتىمدىغان «يەر» نامەلۇم. «تىرىك دوزاخنى كۆرسىتىش» بىزدە كۆپىنچە ھاللاردا سەلبىي مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. «ئوتى يامان» جوۋانغا كۆيۈپ، «تىرىك دوزاخنى كۆرسىتىپ» يۇرگىچە، توغرىسىنى ئېيتقاندا ياخشىسى خوتۇنغا سادىق بولۇپ، تىرىكچىلىكنى ئوبدان قىلىپ، بالىلىرىنى باقسا ياخشى ئەمەسمۇ؟

* *

يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، «ھەممىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» چاقىرىقىنىڭ تۇرتكىسىدە، «مەدەنىيەت ئارقىلىق ئىقتىسادنى ئىلگىرى

سۈرۈش» تەسەۋۋۇرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن، ئاۋات، مارالبېشى، مەكىت قاتارلىق بىرقانچە ناھىيىدە «مەدەنىيەت ئارقىلىق ئىقتىسادنى ئىلگىرى سۈرۈش» تەسەۋۋۇرى ئارقىسىدا، كەم ئەقىللىق بىلەن دولان مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي قىسمى قىلىپ قويۇلغان دولان مۇقاملىرىنى قېزىش، رەتلەش (بۇ يەردىكى رەتلەش ئاساسلىقى مۇزىكا قىسمىنى رەتلەشكە قارىتىلغان بولۇپ، يۇقىرىقى جايلاردا تېكىست قىسمى مۇقامچىلار قانداق ئېيتسا شۇ بويىچە خاتىرىلەپلا قويۇلغان بولۇپ، ئىلمىي ھالدا رەتلەپ چىقىش خىزمىتى تېخى قولغا ئېلىنمىدى)، ئومۇملاشتۇرۇش دولقۇنى قوزغىلىپ، بۇ ھەقتە بىرقانچە كىتابمۇ نەشر قىلىنىدى. ئىلمىي ھالدا رەتلەشتىن ئۆتمىگەن بۇ تېكىستلەر ئۇيغۇر، خەنزۇ تەرجىمانلار تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىدى. بەزى ناھىيىلەردە ھەتتا ئىنگلىز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىش ئىشىمۇ پىلانغا ئېلىنىۋاتىدۇ. بىز بۇرۇن ئاسمىنى كەڭ بىپايان سەھرالىرىمىزدا قانداق توۋلىساق، ۋاقتى كەلسە مۇقامغا ھەممە نېمىسىنى تېگىشىۋېتىدىغان ھېسسىياتچان، ساددا خەلقىمىز چاندۇرمىغان بىلەن، يۇقىرىقىدەك ئېگىز - پەس مىسرالار باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغاندا، كىتاب، ئۈن - سىن تەخسىسى قىلىپ ئىشلىنىپ، چەت ئەللىكلەر كېلىپ خالىغانچە سېتىۋالسا بولىدىغان ئۈن - سىن بازارلىرىغا سېلىنغىنىدا، بۇنىڭغا ئەڭ ئاۋۋال دىققەت قىلىدىغانلار ئاشۇ تەرجىمە تىلىنى ئانا تىلى قىلىدىغان تەتقىقاتچىلار بولىدۇ (ئەلۋەتتە، بىزگە قىزىقىدىغان، بىزنى چۈشىنىشكە تىرىشىدىغان ئۆزگە مىللەت زىيالىيلىرى ۋە مۇزىكا ھەۋەسكارلىرىمۇ بار). ئۇلار ئۇششاق خاتالىقلارغىمۇ ئىلىم نۇقتىسىدىن ناھايىتى ئىنچىكە مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۆز مۇقاملىرىغا، توغرىراقى ئۆزگىلەر ئالدىدىكى ئۆز ئوبرازىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەربىر ئەقىل ئىگىسى دولان مۇقام تېكىستلىرىنى ئەستايىدىل ھالدا تولۇق بىر قېتىم رەتلەپ چىقىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكىنى ھېس قىلماي قالمايدۇ!

مېنىڭچە، دولان مۇقامى تېكىستلىرىنى رەتلەشتە، جايلار سىرتتىكى ياكى ئۆز جايىدىكى كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنى، بەلگىلىك نوپۇزى بار شائىر - يازغۇچىلارنى تەشكىللەپ بۇ «ئېگىز باغ»نى پەرۋىش قىلىش خىزمىتىنى ئۆز ۋاقتىدا قولىغا ئېلىشى، خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىنچىكە تەكشۈرۈش، ئىلگىرى ئىشلەنگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قوشاقلىرى توپلىمىدىن پايدىلىنىش، قايتا - قايتا دەلىللەش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، تېكىستلەرنىڭ مۇقاملارغا نىسبەتەن ئەركىن ھالەتتە كىرگۈزۈلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلغان ھالدا، تېكىستلەرنى كەڭرەك دائىرىدە (قاتمال، ئۆلۈك، ھالەتتە مۇقىم بېكىتىۋەتمەي، مۇقامچىلار ئۆزى بىلگىنىنى ئىختىيارىي ئىشلىتەلىگىدەك ئىمكانىيەت قويۇپ) ئومۇمىيۈزلۈك بىر قېتىم رەتلەپ چىقىش لازىم. مۇقاملارنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدىكى نىسبەتەن مۇقىم، شۇ مۇقام بىلەن مەلۇم تارىخىي باغلىنىشى بار تېكىستلەردىن باشقىلىرى ئاساسەن مۇھەببەت قوشاقلىرى بولغاچقا، ئىنچىكە تاللاش ۋە رەتلەپ چى-

قىشتىن ئۆتكەندىن كېيىن، پەقەت يۇقىرىقىدەك ناتوغرا قوشاقلار چىقىرىۋېتىلسىلا (بىز سەھىپە ئېتىبارى بىلەن بىرمۇبىر مىسالغا ئېلىپ ئولتۇرمىدۇق، ئەلۋەتتە يەنە باشقىلىرىمۇ بار)، ئۇ قوشاقنىڭ ئورنىغا بۇ قوشاق ئالمىشىپ كەتكەن ھالەتتىمۇ، مەيلى قەيەردىلا تۇۋلانسۇن، قەدىمىي ۋە مەپتۇنكار مۇزىكا قورۇلمىسى، ئوبرازلىق، جانلىق ۋە تەسىرلىك خەلق قوشاقلىرى بىلەن كۆڭۈللەرگە زوق بېغىشلاپ كېلىۋېرىدۇ!

ئىزاھاتلار:

① قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار – ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 – يىل 8 – بەت.
② «قۇربان بارات ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 – يىل 7 – بەت.
③ جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» تېمىسىدىكى يۇرۇشلۇك كىتابنىڭ (1996 – يىل) تۇمۇر داۋامەت ئاپتورلۇقىدىكى كىرىش سۆز قىسمى 2 – بەت.
④ يۇقىرىقى كىتاب، 14 –، 15 – بەت.
⑤ ئابدۇكېرىم رەھمان بۇچى:«(ئانا مۇقام) ۋە (بالا مۇقام) مۇنازىرىسى ھەققىدە»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2004 – يىللىق 4 – سان، 92 – بەت.
⑥ مەملىكەتلىك سەنئەت ئىلمى «9 – بەش» يىللىق پىلانى تېما تەتقىقات گۇرۇپپىسى تۈزگەن «دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات»، مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 2004 – يىل، 465 –، 490 – بەتلەر.
⑦ يۇقىرىقى كىتاب، 2004 – يىل 486 – بەت.
⑧ دوپپىنىڭ ئالدىغا تاقىلىدىغان زەر (ئالتۇن) گۈل ياكى تاج «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى) 1170 – بەت.
⑨ مەملىكەتلىك سەنئەت ئىلمى «9 – بەش» يىللىق پىلانى تېما تەتقىقات گۇرۇپپىسى تۈزگەن:«دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات»، مەركىزى مۇزىكا ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 2004 – يىل، 507 – بەتلەر.
⑩ ئاۋات ناھىيىلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاملىرى تەھرىر ھەيئىتى تۈزگەن:«ئاۋات خەلق قوشاقلىرى» (ئىچكى ماتېرىيال) 286 – بەت.
⑪ يۇقىرىقى كىتاب، 328 – بەت.
⑫ مەملىكەتلىك سەنئەت ئىلمى «9 – بەش» يىللىق پىلانى تېما تەتقىقات گۇرۇپپىسى تۈزگەن: «دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات»، مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 2004 – يىل 489 – بەت.

(ئاپتور: ئاۋات ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن)



# ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى شانلىق نەتىجە

## («بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 111 سان نەشر قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەيمىز)

ئوسمان ئىسمايىل تارىم

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈندىن - كۈنگە بېيىپ ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيىتى ساھەسىدە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بىر گۈزەل ۋە خۇش پۇراق گۈل بار. ئۇ بولسىمۇ «بۇلاق» ژۇرنىلىدۇر. «بۇلاق» ژۇرنىلى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق قەدىمىي تارىخقا ئىگە شانلىق مەدەنىيىتىنى قېزىش، رەتلەش ۋە ئېلان قىلىشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ژۇرنال. بۇ ژۇرنالنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇيغۇرلار ھاياتىدىكى ئىنتايىن چوڭ ئىش بولدى. چۈنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي ئەدەبىياتى مول ۋە رەڭگارەڭ، يازما ماتېرىياللىرى بىھېساب بولۇشىغا قارىماي، ئۇلارنى رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى تاكى 80 - يىللارغىچە سىستېمىلىق ئىشلەنمىگەنىدى. گەرچە بىزنىڭ تارىخىي مىراسلىرىمىز چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن مەلۇم مىقداردا توپلانغان ۋە تەتقىق قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مىراسلار ئۆز ۋەتىنىدە تاكى يېقىنقى دەۋرلەرگىچە ئېتىبارغا ئېرىشەلمەي ۋە بۇ مىراسنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولغان ئۇيغۇر خەلقى ئۆز مەدەنىيىتىگە ئىگە بولالماي كەلگەنىدى. ھەتتا كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلار ئاتا - بوۋىلىرى ياراتقان شۇنچە كۆپ پارلاق مەدەنىيەت ئۈلگىلىرىدىن خەۋەرسىز قالغانىدى. بۇ ژۇرنال ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىگە ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلدى.

«بۇلاق» ژۇرنىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1980 - يىلى 6 - ئايدىن باشلاپ نەشر قىلىنىشقا باشلىغان. 2006 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 111 سان نەشر قىلىندى. مەزكۇر ژۇرنال ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك يازما ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ھەمدە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئاساس، ئۇيغۇر تىلى، تارىخى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئارخېئولوگىيىسى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى قوشۇمچە قىلغان ژۇرنال. مەزكۇر ژۇرنال 26 يىل مابەينىدە ئۆزىنىڭ مول ۋە رەڭگارەڭ سەھىپىلىرى ئارقىلىق 400 پارچىدىن ئارتۇق ئۇيغۇر كلاسسىك يازما ئەدەبىياتى ۋە ئەرەب - پارس ئەدىبلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرى، 400 پارچىغا

يېقىن تەتقىقات ۋە تونۇشتۇرۇش خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەر، 45 پارچە خەلق داستانى، 300 پارچە ئەپسانە ـ رىۋايەت، 153 پارچە چۆچەك، 1500 كۇپلېتتىن ئارتۇق قوشاق، 322 پارچە ماقال ـ تەمسىل، 500 پارچە لەتىپە، 256 پارچە دانالار ھېكمىتى ۋە نەچچە ئون پارچە ھېكايەت، مەسەل، لەتىپىلەرنى ئېلان قىلدى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، «بۇلاق» ژۇرنىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قېزىپ چىقىرىپ، دۇنياغا نامايەن قىلىشتا غايەت زور رول ئوينىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئېلان قىلىپ، بەدىئىي زوق ئاتا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەتقىقاتچىلارنى مۆلچەرلىگۈسىز مول ماتېرىيال خەزىنىسى بىلەن تەمىنلىدى. دەل مۇشۇ نۇقتىدىن بۇ ژۇرنال مەملىكەتنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى. ھازىر بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بارلىق دۆلەتلەرگە (ئوتتۇرا ئاسىيادىن ياۋروپاغىچە، ياپونىيەدىن ئامېرىكىغىچە) يېتىپ باردى. ئۇ چەت ئەللىك ئۇيغۇرشۇناسلارنىڭ بىرىنچى قول ماتېرىيالى بولۇپ خىزمەت قىلماقتا.

بىز بۇگۈنكى كۈندە «بۇلاق» ژۇرنىلى يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى قولغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىلەرنى چوڭقۇر چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ كۆلىمى ۋە قىممىتىگە نەزەر سېلىپ بېقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭچە «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنى تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈپ كۆرسىتىش مۇمكىن:

1. ئۇيغۇر كلاسسىك يازما ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەرلەر

ئۇيغۇر كلاسسىك يازما ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، مەزمۇنى مول، ئىپادىلەش شەكلى خىلمۇخىل بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئىچىدىكى كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان مەرۋايىتتۇر. ۋەھالەنكى بۇ خىل ئەسەرلەر ئەسىرلەردىن بېرى قول يازما تەرىقىسىدە قولدىن قولغا ئۆتۈپ ساقلانغان ۋە كۆچۈرۈپ تارقىتىلغان بولسىمۇ، زامانىۋى مەتبۇئات يۈزىدە نەشر قىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي كەلگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى چۈشىنەلمەس، يېزىقىنى ئوقۇيالماس بولۇپ قالغان بۈگۈنكى جامائەتچىلىكتە بۇ خىل ئەسەرلەردىن زوقلىنىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. «بۇلاق» ژۇرنىلى كەڭ جامائەتنىڭ ئەنە شۇنداق ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە چاغاتاي تىلىنى بىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلار تەييارلىغان مول ئەسەرلەرنى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئېلان قىلدى.

يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەردىن «ئىرق بىتىگ»، «سەككىز يۈكمەك يارۇق»، «ئالتۇن يارۇق»، «ئىدىقۇت شېئىرلىرى»، «چاشتانى ئىلىگبەگ»، «مايتىرى سىمىت» قاتارلىقلار؛ چاغاتاي تىلى (يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى)غا تەۋە ئەسەرلەردىن فارابى، لۇتفى، ئاتايى، سەككا-

كى، ئەلىشىر نەۋائى، مۇھەممەد سادىق كاشغەرى، گۇمنام، قەلەندەر، مەشرەپ، فۇزۇلى، موللا مۇسا سايرامى، مۇھەممەت غېرىب شاھيارى، ئەھمەد قازى، تەجەللى، ئارەزى، موللا داۋۇت، موللا ھەيدەر، موللا ئەلەم، موللا ياقۇپ، موللا ئىمىن، موللا قۇربان، موللا ھاپىز، تۇردى موللا، ئەسرى، ھەمدى، ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى، شەھىدى، خوجا جاھان ئەرشى، خۇشھال غەرىبى، غەيرەتى، ۋەفائى، رىزائى، فىراقى، ھۆزۈرى، قەدارى، مەنسۇر باخشى، ئىمىنى، تۇردۇش ئاخۇن غەرىبى، زۇھۇرى، مەھەرى، يۇسۇپ غەرىبى، مەھزۇن قاسىمى، يەتىمى، ھەيرەتى، سۇپۇرگى سەنجەر غەرىبى، ئابدۇراخمان، ھاجى ئىمىن، ئابدۇجەلىل داموللاھاجى، مۇھەممەد نىياز بىننى ئابدۇغوپۇر، ئابدۇخېلىل داموللاھاجى، ئابدۇسەمەت، ئەخمەتجان قارىقاشى، ئىسمايىل ھاجى، ئابدۇقادىر داموللا، تەۋپىق قاتارلىق شائىرلارنىڭ لىرىك شېئىرلىرى؛ ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «كۇللىيات مەسنەۋى خەراباتى»، «رۇبائىيلار»، «ۋەقفەنامە»، «لىسانۇت - تەير»، «چېھىل ھەدىس»، «مۇھاكىمەتۇل - لۇغەتەين»، «مەنتىقۇت - تەير»، «داستان پادىشاھ ئىسكەندەر» قاتارلىق ئەسەرلىرى؛ لۇتفىنىڭ «گۇل ۋە نەۋرۇز»، موللا پازىلنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن»، موللاسىدىق يەركەندىنىڭ «فەرھاد ۋە شىرىن»، «بەھرام ۋە دىلئارام»، «سەددى ئىسكەندەر»، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «ھېكايەتى غەرىب»، «دەھزۇن - نەجات»، «مەھزۇن - گۇلنىسا»، «لەيلى - مەجنۇن»، «رابىئە - سەئدىن»، زىيائىنىڭ «مۇھزىنۇل - ۋائىزىن»، «مۇشۇك بىلەن چاشقان»، «ياۋا توشقان»، «ھەفت داستان»، «مەسئۇد ۋە دىلئارا»، «ۋامۇق ئۇزرا»، «بەھرام - دىلئارام»، «چاھار دەرۋىش»، زەلىلىنىڭ «سەپەرنامە»، تۇردۇش ئاخۇن غەرىبىنىڭ «كىتابى غەرىب»، موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە»، موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپنىڭ «نۇزۇگۇم»، «چاڭموزا يۇسۇپخان»، ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلىنىڭ «رەۋزەتۇز - زۇھرا»، سەلاھىنىڭ «گۇل ۋە بۇلبۇل»، ئاياز شىكەستىنىڭ «جەھاذنەما»، مەجلىسىنىڭ «سەيفۇلمۇلۇك - بەدىئۇلجەمال»، قۇلئەلىمنىڭ «تۇت نامە»، موللا پازىلنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن»، موللا مۇھەممەت نىيازنىڭ «داستانى مەنسۇر»، مۇھەممەت سىدىق رەشىدىنىڭ «سىدىقنامە»، غەرىب خەستەنىڭ «ھەمزەنامە»، قۇتبىنىڭ «خۇسرەۋ ۋە شىرىن»، ھىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام»، موللا يۇنۇسنىڭ «مۇھەببەتنامە»، دۇربېكنىڭ «يۇسۇپ ۋە زىلەيخا»، ئۆمەر باقى يەركەندىنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن»، موللا ئەلى قۇشچىنىڭ «بازنامە»، موللا سابىر بىننى ئابدۇلقادىرنىڭ «گۇلزارى بىنىش»، سىيىت مۇھەممەت قاشىنىڭ «شەرھىي شىكەستە»، مۇھەممەت غەرىب شەھيارىنىڭ «ئىشتىياقنامە»، دىلبەر دورغىنىڭ «مەزلۇملار ئاھى»، نىمشېھىتنىڭ «مىڭ ئۆي ۋە فەرھات - شىرىن» قاتارلىق داستانلىرى؛ خىسلەتنىڭ «ھەدىيەئى خىسلەت»، «مۇشۇك بىلەن چاشقان»، موللا توختىنىڭ «ئەرزىيەت»، سالىھ موللا ھاجىنىڭ «كەلكۇن»، توختاخۇنۇمنىڭ «تۆھفە تۇلئۇششاق»، رەبغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، مىرزا ھەيدەر مەجزۇپنىڭ «مەخزەنى مىرھەيدەر»، موللا قۇرباننىڭ «ئىمامى جەئفەرى سادىق»، ئابدۇللا ئىبنى خەتىب پوسكامىنىڭ «كىتابى ئابدۇللاھ»، ئابدۇلقادىر بىننى

ئابدۇلۋارىس قەشقەرىنىڭ «مىفتاھۇل ـ ئەدەب»، مىرزا ھەيدەر كۆرەگانىنىڭ «تارىخى رەشىدى»، ئۇمۇدىنىڭ «رەۋشەنقىياس ۋە زىيباھۇسىن»، ئىمىر ھۇسەيىن سەبۇرىنىڭ «مەقالات» قاتارلىق شېئىرى ۋە نەسرىي ئەسەرلىرى؛ موللا بىلالنىڭ «غەزەلىيات»، مەھـزۇن خوتەنىنىڭ «دىۋانى مەھزۇن»، مەھمۇت قارىنىڭ «دىۋانى قارى»، سەدائىنىڭ «دىۋانى سەدائى»، نەۋبەتىنىڭ «دىۋانى نەۋبەتى»، ناقىسنىڭ «دىۋانى ناقىس»، ئابدۇللا بىننى شېرىپنىڭ «دىۋانى خەستە»، موللا نىيازنىڭ «دىۋانى نىيازى»، زۇھۇرىنىڭ «دىۋانى زۇھۇرى»، خوجا جاھاننىڭ «دىۋانى ئەرشى»، مۇھەممەت رەسۇل شەۋقىنىڭ «دىۋانى شەۋقى»، فۇتۇھىنىڭ «دىۋانى فۇتۇھى»، ئابىدنىڭ «دىۋانى ئابىد»، ئايازىنىڭ «دىۋانى ئايازى» قاتارلىق شېئىرى توپلاملىرى بار.

كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا تەۋە ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپى «بۇلاق» ژۇرنىلى ئارقىلىق نامايان قىلىنغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمى ئاۋۋال «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ، ئاندىن كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنغان. يەنە بىر قىسىم ئەسەرلەرنىڭ «بۇلاق» ژۇرنىلىدىكى نۇسخىسى ھازىرغىچە بىردىنبىر نۇسخا سۈپىتىدە ساقلىنىپ تۇرماقتا.

**2. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى**

«بۇلاق» ژۇرنىلى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 3000 پارچىدىن ئارتۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ خىل ئەسەرلەر ئىچىدە خەلق داستانلىرى، ئەپسانە ـ رىۋايەت، چۆچەك، مەسەل، لەتىپە، لاپ، قوشاق، ماقال ـ تەمسىل قاتارلىق ژانىرلاردىكى ئەسەرلەر بار. «بۇلاق» ژۇرنىلىدا 45 پارچە يىرىك ھەجىمدىكى خەلق داستانى ئېلان قىلىندى. بۇ ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ خىل داستانلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ، مەسىلەن «غېرىب ـ سەنەم»، «سەنەۋبەر»، «شەككەرىستان»، «تاھىر ـ زوھرا» قاتارلىقلارنىڭ پەرقلىق بىرنەچچە ۋارىيانتى ئۇلاپ ئېلان قىلىنىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرى ئەھمىيەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەندى. بۇ داستانلارنىڭ ئىچىدە يەنە «ئىرىشخان»، «ئاق ئۆلەمبەردىخان»، «قىزىل گۈل»، «مىنكۇن باتۇر ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى» قاتارلىق شۇ چاققىچە بىزگە مەلۇم بولمىغان بىر قىسىم داستانلارمۇ بار. دېمەك، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى «بۇلاق» ژۇرنىلى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رەڭدار ۋە مول بايلىقىنى كۆرەك قىلدى.

**3. شەرق كلاسسىك ئەسەرلىرى**

«شەرق كلاسسىك ئەسەرلىرى» دېگىنىمىز، مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا شۆھرەت قازانغان بىر قىسىم شائىرلار، تارىخچىلار ۋە پەيلاسوپلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە تەۋە شەخسلەر تەرىپىدىن يېزىلغان بولسا، يەنە بىر قىسمى ئەرەب ۋە پارس ئەدىبلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسەرلەردۇر. بۇنداق ئەسەرلەر بىزگە نىسبەتەن ئىككى

خىل قىممەتكە ئىگە. بىرىنچىسى، ئۇلار پۈتكۈل مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا شۆھرەت قازانغان ئەسەرلەر بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. بىزنىڭ بىر قىسىم ئەدىبلىرىمىز ئەنە شۇ شەرق كلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىدە ئەسەر يېزىشقا باشلىغان. شۇڭا ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىككىنچىسى، بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت قىممەتلىك مەلۇماتلار ساقلانغان. ئۇ ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى مول ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ بېرىدۇ.

بۇ تۈردىكى ئەسەرلەردىن ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»، ئابدۇراخمان جامىنىڭ «سەلامان ۋە ئەبسال»، مۇھەممەت خارەزمىنىڭ «مۇھەببەتنامە»، زەھىرىدىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ «بابۇرنامە»، «غەزەللەر»، ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تەراكىمە»، ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىنىڭ «چاھار دەرۋىش»، كاشىفىنىڭ «ئەخلاقىي مۇھسىنى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ۋە دۇنياۋى شۆھرەتلىك ئەسەر «ھۇدۇدۇلئالەم» قاتارلىقلارنى ساناپ ئۆتۈش مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، نىزامى، ئەرۇزى، سەمەرقەندى، ئەللامە زەمەخشەرى، ئابدۇرەھىم ھاپىز، نىزامى گەنجەۋى، ھۈسەيىن بايقارا، گەدائى، سەيد ئەھمەد، شەمسىددىن مۇھەممەد خوجا ھاپىز، سەيفى سەرايى، جالالىددىن رۇمى، خوجەندى، ئىبنى سىنا، يۈسۈپ ئەمىرى، برونى، غەززالى، نىزامۇل مۇلك، ئەمىرى، كامال خوجەندى، مەختۇمقۇلى، سوپى ئاللايار، روداكى، پەھلىۋان مەھمۇد، ھەكىم يۈسۈفى، فىروز، شەيخ ئوغلى مۇستەفا، كامران مىرزا، ئەۋەز ئۆتەر، مۇھەممەت ئەۋفى، مەجدىددىن خەۋافى، مۇئىن جۇۋەينى، مۇھەممەت شۇيبانىخان، مۇھەممەدشاھ ھەيرەتى، فەرىدىددىن ئەتتار، زەۋقىي، سەرىامى، سەئدى شىرازى قاتارلىق كۆپلىگەن ئەدىبلەرنىڭ ھەر خىل تېما ۋە ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلىرىمۇ ئېلان قىلىندى.

**4. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت تەتقىقاتلار**

«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قوشقان يەنە بىر تۆھپىسى شۇكى، بۇ ژۇرنال ئۆز ئەتراپىغا نۇرغۇن ئالىملارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، تارىخ، مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە ئائىت كۆپلىگەن تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى. «بۇلاق»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرنىڭ تېمىسى ھەر خىل بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى («قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى، «تۈركى تىللار دىۋانى» تەتقىقاتى، «كلاسسىك شېئىرىيەت» تەتقىقاتى، «مەڭگۈ تاشلار» تەتقىقاتى ۋە باشقا ئاپتور ياكى ئەسەر ھەققىدىكى مەخسۇس تەتقىقاتلار)، تارىخ تەتقىقاتى (شىنجاڭدىكى قەدىمكى شەھەرلەر تەتقىقاتى، ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈز بەرگەن مەشھۇر ۋەقەلەر، خانلىقلار ۋە داڭلىق شەخسلەر تەتقىقاتى)، ئىسلام دىنى تەتقىقاتى (ئىسلام مەدەنىيىتى، ئىسلام پەلسەپىسى، ئىسلام ئەخلاقى قاتارلىقلار ھەققىدىكى تەتقىقات)، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دىنىي ئېتىقادى، ئەنئەنىۋى ئەخلاقى، ئۇيغۇر فولكلورى (ئۈزۈمچىلىك، شارابچىلىق، يېمەك ـ

ئىچمەك، ھېيت ـ بايرام، سودا ـ تىجارەت، مۇقام، ناخشا ـ ئۇسسۇل، مەدداھلىق، خەتتاتلىق قاتارلىقلار) ئۇيغۇر تىلى (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە چاغاتاي تىلى) ۋە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى ماقالىلەر بار. بۇ ماقالە ـ ئەسەرلەر ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدىكى نۇرغۇن بوشلۇقنى تولدۇرۇش سۈپىتى بىلەن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

### 5. چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ تەتقىقات ئەسەرلىرى

«بۇلاق» ژۇرنىلى يەنە چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ بىر قىسىم مۇھىم تەتقىقات ئەسەرلىرىنىمۇ ئۆز سەھىپىسىدىن ئورۇن بەردى. مەلۇمكى، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، بىر قىسىم چەت ئەل ئالىملىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىپ، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. «بۇلاق» ژۇرنىلى ئەنە شۇلار ئىچىدىكى بىر قىسىم ۋەكىللىك ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، تەتقىقاتچىلارنى قىممەتلىك ماتېرىيالغا ئىگە قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھېرمان ۋامبېرىنىڭ «بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى»، بارتولدنىڭ «تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، پىرتساكنىڭ «قاراخانىلار»، ئەردوغان مەرچىلنىڭ «سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى»، نەجدەت سەۋىنچنىڭ «قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئاياللار ۋە ئائىلە ھوقۇقى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، «بۇلاق» ژۇرنىلى ئۆز سەھىپىسىدە مول ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىگە تارىخىي خاراكتېرلىك تۆھپە قوشتى. بىز «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قېزىش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىش ساھەسىدە ئىشلىگەن بۇ زور خىزمەتلىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالالمايمىز. بۇ خىل خىزمەت ۋە نەتىجىلەر بۈگۈندىن كېيىنكى ئۇيغۇر تارىخىنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا مەڭگۈ پارلاپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئەھمىيىتى، قىممىتى ۋە رولىنى مەڭگۈ جارى قىلدۇرىدۇ. بىز ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قۇتقۇزۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا جاپالىق خىزمەت قىلغان «بۇلاق» ژۇرنىلىدىكى خادىملارغا ئاپىرىن ئېيتماي ۋە چوڭقۇر تەشەككۈر بىلدۈرمەي تۇرالمايمىز!

شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، «بۇلاق» ژۇرنىلى قولغا كەلتۈرگەن مۇشۇنداق زور نەتىجىلەرنى بىر قىسىم تەتقىقاتچى ـ ئالىملارنىڭ خىزمەتلىرىدىنمۇ ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇلاردىن تۆۋەندىكى كىشىلەرنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ:

ئەھمەد زىيائى، ئىبراھىم مۇتىئى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئىمىن تۇرسۇن، مەمتىمىن خۇدابەردى، گېڭ شىمىن، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن، مىرسۇلتان ئوسمانوف، پەرىدە ئەمىن، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، ماخمۇت زەيدى، ئابدۇقېيۇم خوجا، ئەرشىدىن تاتلىق، ئابلىمىت سادىق، شىرىن قۇربان، مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن، قادىر ئەكبەر، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، شۈكۈر يالقىن، خوجا ئەخمەت يۇنۇس، ئىمىنجان ئەھمىدى، ساۋۇت موللاۋۇدۇف، ئابدۇكېرىم رەھمان، پەخىرىددىن ئىمىن، غەيرەتجان ئوسمان، زەمىر سەئىدۇللازادە، ئابدۇرېشىت ئىسلام، ھۆرمەتجان ئابدۇرەخمان فىك-

رەت، ئابلا ئەھمىدى، ئابلىمىت روزى، تىيىپچان ئېلىيوف، ئەسقەر ھۇسەيىن، جاپپار
ئەمەت، توختى ئابىخان، تۇردى سامساق، مۇھەممەت چاۋار، مۇھەممەت سالىھ داموللام،
قۇربان بارات، ياسىن ئىمىن، ئەنۋەر بايتۇر، ئابدۇرەھىم سابىت، نىجات مۇخلىس، قا-
دىر بۇلاق، ئابلىمىت ئەھەد، روزى سايىت، ئەزىز ساۋۇت، غولام ئەبەيدۇللا، نىمىتۇللا
ئەبەيدۇللا، رەجەپ ئىمىن، ھاجىنۇر ھاجى، ئىسراپىل يۈسۈپ، ئابدۇقادىر سادىر، تۇر-
سۇن ھوشۇر، مۇھەممەت ئوسمان، ئەخمەت ھىمىت، مەتقاسىم ئەكرەم، شېرىپ خۇش-
تار، ئاسىيە مۇھەممەت سالىھ، يارمۇھەممەت تاھىر، گۈلشەن ئابدۇقادىر، ئەنۋەر سەمەت
قورغان، ئابلەت نۇردۇن، يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامى، ئابدۇرەئۇپ پولات، مۇھەممەت رە-
ھىم سايىت، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق، توختى باقى ئارتىشى، يۈسۈپ ئىگەمبەردى،
ئابدۇكېرىم مەخسۇت، رەھمىتۇللا جارى، ئابدۇۋەلى خەلپەتوۋ، ھاكىم مۇسا، ۋەلى كې-
رىم، تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىددىن، خېۋىر تۆمۈر، ھاجى ئەھمەد، قاسىم ئارىش، ئاب-
دۇللا سۇلايمان، شەرىپىددىن ئۆمەر، مۇنەۋۋەرە ھەبىبۇللا، مەتقاسىم ئابدۇراخمان، غە-
نىزات غەيۇرانى، بۇغدا ئابدۇللا، سەلەي قاسىم، مەخمۇتجان ئىسلام، ئەھەت ھاشىم،
مويدۇن سايىت، پازىل قادىر، ياسىن زىلال، مۇتەللىپ پالتاجى، مۇھەممەتئىمىن قۇر-
بان، بارات رەجەپ، ماخمۇت مۇھەممەت، ئىسمائىل تۆمۈرى، خەلىم سالىخ، ھىسامىددىن
ئەزىزى، نۇرمۇھەممەت زامان، دىلشات ئابلىز، تىيىپجان ھادى، ئۈچقۇنجان ئۆمەر،
تۇرسۇن زېردىن، ۋاھىتجان غوپۇر، ئىلياس تاھىر، ئەكبەر غولام، مىرقەدەم مۇھەممەت-
ياروف، يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق، مۇھەممەت رەھىم ··· قاتارلىقلار.

ئاپتورلار ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش، تەرجىمە قىلىش ياكى تەتقىق قىلىش
ساھەسىدە تېگىشلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ «بۇلاق» ژۇرنىلىنى ئىزچىل ماقالە-
ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلەپ كەلدى. بىز ئۇلارغىمۇ چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمىز!


ئاخىرىدا «بۇلاق» ژۇرنىلىدىكى خادىملارنىڭ ژۇرنال سەھىپىسىنى يەنىمۇ يېڭىلاپ
ۋە موللاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە خەلقچە روھى ئوزۇق بېرىش يو-
لىدا تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.


پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىلىدىن 2006 - يىلىغىچە بولغان سانلىرى.

2. ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان تېببىي - ئەدەبىي
ئەسەرلەر كاتالوگى» (1 - قىسىم)، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2006 -
يىلى، 5 - ئاي نەشرى،

(ئوسمان ئىسمايىل تارىم: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى-
نىڭ دوتسېنتى، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى، تىل - ئەدەبىيات پەنلىرى
دوكتورى)






# 源泉 （布拉克）（维吾尔文）总111期 بۇلاق (قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 111-سان

BULAK A bimounthly Journal in Uighur Language

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر )
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65-1063/I
本刊代号：58—108　定价：6.50元
ISSN 1005—0876/ 国外代号：Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋاكالەت نومۇرى : 108—58.  باھاسى : 6.50 يۈەن
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى : Q1118